بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمْ

# تەپسىرى سۈرە ياسىن

قال النبي عليه السلام:

اَنَّ لِكُلِّ شَيْءٍ قَلْبًا وَ قَلْبُ الْقُرْاٰنِ سُورَةُ يٰس.

بارلىق شەيئىنىڭ قەلبى ۋە دىلى باردۇر، قۇرئاننىڭ قەلبى، دىلى ۋە يۈرىكى سۈرە ياسىندۇر

بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ
ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ياسىن سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان 83 ئايەتتۇر. بۇ سۈرىنىڭ پەزىلەتلىرىدە پەيغەمبىرىمىز رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: ھەر نەرسىنىڭ بىر دىلى باردۇر، قۇرئاننىڭ قەلبى، دىلى سۈرە ياسىندۇر. ھەر كىم بۇ سۈرىنى بىر قېتىم ئوقۇسا قۇرئاننى ئون قېتىم ئوقۇغان بىلەن باراۋەردۇر، ۋە يەنە ئېيتتىكى ئاسمان - زېمىننى يارىتىشتىن مىڭ يىل ئىلگىرى سۈرە ياسىن، سۈرە تاھا، سۈرە ئەررەھماننى قىرائەت قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ خۇش مۇبارەك بولسۇن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىگە بۇ ئىككى سۈرە نازىل قىلىندى دېدى. بۇ سۈرىنى ئوقۇغان تىل، ياد ئالغان دىللارغا خۇش مۇبارەكتۇر، يەنە دېدىكى ھەر قانداق سەكراتىل مەۋتتە قىرائەت قىلىنسا ئاللاھ تائالا ئاسانچىلىق بېرىدۇ. ۋە يەنە ئېيتتىكى ئەھلى جەننەتلەردىن سۈرە ياسىن، سۈرە تاھا، سۈرە ئەررەھماندىن باشقىسى ھەممىسى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئەھلى جەننەتلەر بۇ ئۈچ سۈرىدىن باشقىنى ئوقۇيالمايدۇ. ھەر كىم گۇناھىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، كېچىلەردە سۈرە ياسىننى تىلاۋەت قىلسا، ئاللاھ تائالا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ۋە يەنە ھەر كىشى بۇ سۈرە ياسىننى سەكراتىل مەۋت ھالىتىدە تىلاۋەت قىلىنسا، ھەر بىر ھۇرۇپىنىڭ باراۋېرىدە ئاسماندىن 10 نەپەردىن پەرىشتە چۈشۈپ تىزىلغان ھالەتتە ئۆرە تۇرۇپ ئۇ مۇسۇلماننىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى ئاللاھ تائالادىن تەلەپ قىلىدۇ. ۋە غەسلىگە ھازىر بولۇپ، نامىزىنى ئوقۇپ دەپنىگە ھازىر بولىدۇ. ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كېچىلەردە سۈرە ياسىننى ئوقۇسا، ئاللاھ تائالا شۇ كېچىدە گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغاي. يەنە بىر رىۋايەتتە جەننەت پەرىشتىسى كىلىپ جەننەتنىڭ شارابىدىن ئىچۈرمىگۈنچە ئۇ

مۇسۇلمانىنىڭ جېنىنى قەبزى قىلالماس. رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: قۇرئان ئوقۇغۇچىنى شاپائەت قىلدىغان، ئاڭلىغۇچىنى مەغپىرەت قىلدىغان بىر سۈرە باردۇر، ئاگاھ بولۇڭلاركى بۇ سۈرە سۈرە ياسىندۇر. ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ تەئەلا ئەنھۇمانىڭ رىۋايەتلىرىدە ھەر ئادەم ئەتىگەن تىلاۋەت قىلسا ئاخشامغىچە ئاسانلىق بېرىدۇ، ئاخشىمى تىلاۋەت قىلسا تاڭ ئاتقۇچە ئاسانلىق بېرىدۇ، ئەگەر كىشى سەكراتىل مەۋت ھالەتتە ئوقۇسا سوئال سوراپ بولغىچە جەننەتكە كىرىدۇ. ئەتە ئاخشام دائىم ئوقۇشنى ئادەت قىلسا ھەمىشە خۇرسەنلىكتە بولۇر. ھەر كىم ئۆزىنىڭ دىلىدا بىر قارىلىق تاپسا ياكى گۇمان قىلسا سۈرە ياسىننى زەم قىلىپ قاچىغا چايقاپ ئىچسە دىلىدىكى قارىلىق يوق بولۇر. رەسۇل ئەلەيھىسسالام ئېيتتىكى: ھەر كىم جۈمە كېچىسى ئوقۇسا گۇناھى مەغپىرەت قىلىنۇر، قەبرىستاندا ئوقۇسا شۇ قەبرىدىكى كىشىلەرنىڭ سانىچە ئەھلى قەبرىلەردىن ئازاب يەڭگىل بولىدۇ، ھەم ئوقۇغۇچىغا قەبرىلەردىكى كىشىلەرنىڭ سانىچە ياخشىلىق بولۇر، بۇ سۈرىدە كۆپ خىسلەتلەر باردۇر، بۇ سۈرىنى كۆپ ئوقۇغۇچىلار، ئاچ قالغۇچىلار ئوقۇسا ئاللاھ تائالا رىزىق ئاتا قىلىدۇ، ھاجەتمەنلەر ئوقۇسا ھاجىتى راۋا بولۇر، پېقىر كىشىلەر ئوقۇسا غەنى بولۇر، قەرزدارلار ئوقۇسا قەرزدىن خالاس بولۇر. قايسى جايدا سۈرە ياسىن ئوقۇلسا ياكى تەپسىر قىلىنسا شۇ جايدا ئاللاھ تائالا بالايى ئاپەت، قەھەتچىلىك، ۋابا، تائۇن، ئاغرىق - سىلاق ۋە باشقا تۈرلۈك كېسەللەرنى دەپئى قىلىدۇ.

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

﴿ يٰس ﴾ - دېگەن بۇ كەلىمە شىرىپنىڭ مەنىسىگە ئاللاھ تائالا ئۆزى ئالىمدۇر. ياسىننىڭ مەنىسىنى جانابى ئاللاھ تائالادىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەيدۇ. جانابى ئاللاھ تائالا ياسىننىڭ مەنىسىنى ئۆزىنىڭ دوستى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈردى. ئالىملارنىڭ تولاراقى شۇنداق دەيدۇكى: - ئاللاھ تائالا ئۆزى ئىلتىپات قىلىپ بەزى بەندىلىرىگە ياسىننىڭ مەنىسىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بىلدۈرگەن زاتلار ياسىن دېگەن بىر كەلىمىگە مەنا ئېيتىپ مۇنداق دېدىلەر: - ياسىن دېگەن ئى ئىنسانى كامىل دېگەن بولۇر دېدىلەر، بەزىلەر مىساق كۈنىنىڭ ئەسرارلىرىگە ئىشارەتتۇر دەيدۇ. بەزىلەر ياسىن دېگەن ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن بىر ئىسىمدۇر دېدىلەر، بەزىلەر قۇرئاننىڭ ئىسىملىرىدىن بىر ئىسىمدۇر دېدىلەر، بەزىلەر مۇشۇ سۈرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىدۇر دېدىلەر. ئاللاھ تائالا ئاسمان - زېمىننى يارىتىشتىن مىڭ يىل ئىلگىرى سۈرە ياسىننى، سۈرە تاھانى ۋە سۈرە ئەررەھماننى قىرائەت قىلغان دەپ ھەدىستە خەۋەر بېرىلدى. بەزىلەر قۇرئاندا رەسۇلۇللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن بىر ئىسىمدۇر. ئۇنىڭدا بار ئىسىم ياسىندۇر دەيدۇرلەر. ھەدىس شەرىفتە كەلتۈرۈپتۇركى:

اِنَّ لِكُلِّ شَيْءٍ قَلْبًا وَ قَلْبُ الْقُرْاٰنَ سُورَةُ يٰس.

«بارلىق شەيئىنىڭ قەلبى ۋە دىلى باردۇر، قۇرئاننىڭ قەلبى، دىلى ۋە يۈرىكى سۈرە ياسىندۇر» دەيدۇرلەر، بۇ سۈرىنىڭ بىر ئىسمى قازىيەدۇر. ھەر كىشى بۇ سۈرىنى ئوقۇسا ياكى يېزىپ ئۆزى بىلەن ھەمرا قىلسا ھەر قانداق ھاجەتلىرى بولسا راۋا بولۇر، مۇشكۈلى ئاسان بولۇر. سۈرىنىڭ يەنە بىر ئىسمى دايىمدۇر، يەنى

بۇ سۈرىنى ھەر كىم ئوقۇسا ياكى سامىئ بولسا ھەر قانداق بالايى - ئاپەتلەردىن خالىي بولۇر. سۈرىنىڭ يەنە بىر ئىسمى مۇتەممىمدۇر، ھەر كىم بۇ ئولۇغ سۈرىنى ئوقۇسا ياكى سامىئ بولسا، يىزىپ ئۆزى بىلەن تۇتسا، بۇ ئولۇغ سۈرىنىڭ بەرىكىتىدىن ئاللاھ تائالا شۇ كىشىنىڭ جىمى مۇشكۇل ئىشلىرىنى، تامام مۇراد - مەقسەتلىرىنى كامىل قىلىپ بەرگۈسىدۇر. ھەر قانداق كىسەلگە 41 مەرتىبە ئوقۇپ دەمىدە قىلىپ ئىچۈرسە دەرھال شىپالىق ھاسىل بولۇر. بۇ سۈرىنى كامىل بىر مەرتىبە ئوقۇسا قۇرئاننى 10 قېتىم ئوقۇغاننىڭ ساۋابىنى تاپۇر. بۇ سۈرىنىڭ خاسىيەتلىرىنى تامام بايان قىلىش مومكىن ئەمەسدۇر.

﴿ وَالْقُرْاٰنِ الْحَكِيْمِ. اِنَّكَ لَمِنَ الْمُرْسَلِيْنَ، عَلٰى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيْمٍ ﴾

قۇرئانى ھەكىم بىلەن قەسەمكى، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەن جەزمەن توغرا يول ئۈستىدە بولغان پەيغەمبەرلەر جۈملىسىدىندۇرسەن، بۇ ئايەت مۇشرىكلارنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەمەس بەلكى ئەبۇ تالىبنىڭ يېتىم بالىسى، ئىلىم ئوقۇمىغان، مەكتەپكە كىرمىگەن كىشى قانداقمۇ پەيغەمبەر بولىدۇ دىگەن سۆزىگە رەددىيە ئۈچۈن چۈشكەندۇر.

﴿ تَنْزِيْلَ الْعَزِيْزِ الرَّحِيْمِ ﴾

ئاللاھ تائالا ئۇ قۇرئاننى ئەزىز ۋە رەھىم شەپقىتى بىلەن دوستلىرىغا رەھىم - شەپقەت قىلغۇچى ۋە ئىنئام قىلغۇچى دىگەن سۆزدۇر، نازىل قىلىنغاندۇر.

﴿ لِتُنْذِرَ قَوْمًا مَّا اُنْذِرَ اٰبَاؤُهُمْ فَهُمْ غَافِلُوْنَ ﴾

بۇ جەھەتتىنكى قورقۇتقايسەن ئول قۇرئان بىلەن بىر جامائەتنىكى، ئۇلارنىڭ ئاتا - بالىلىرى بۇندىن ئىلگىرى قورقۇتۇلمىدى، شۇ سەۋەبدىن ئۇلار ئىمان بىلەن ھىدايەتتىن بىخەۋەردۇر.

﴿ لَقَدْ حَقَّ الْقَوْلُ عَلٰى اَكْثَرِهِمْ فَهُمْ لَا يُؤْمِنُوْنَ ﴾

ھەر ئاينە ۋاجىپ بولدى كەلىمە ئازابىكى «لَاَمْلَئَنَّ جَهَنَّمَ مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ اَجْمَعِيْنَ» ئەيدى ئول جامائەتلەرنىڭ ئۇلاراقىغا يەنى ئەبۇ جەھل

ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىگە ئوخشاشلارغا، بەس ئۇلار ئەزەلدىن ئىمان كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلمايدۇ. رىۋايەت قىلىندىكى: ئەبۇ جەھىل ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى ئىمان ئېيتماي ئاقىۋەت بەدرە ئۇرۇشىدا مۇشرىك هالىتىدە ئۆلتۈرۈلدى.

﴿ اِنَّا جَعَلْنَا فِيْ اَعْنَاقِهِمْ اَغْلـٰلاً فَهِيَ اِلَى الاَذْقَانِ فَهُمْ مُقْمَحُوْنَ﴾

بىتەھقىق بىز ئۇلارنىڭ گەدەنلىرىدە ئوق ئىشكەللەرنى قىلدۇق، بەس ئۇلارنىڭ گەدەنلىرىدىكى ئىشكەللەر ئېڭەكلىرىگىچە قىلىنغاندۇر، بەس ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرگۈچىدۇر، پەس قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ.

﴿ وَ جَعَلْنَا مِنْ بَيْنِ اَيْدِيْهِمْ سَدًّا وَّ مِنْ خَلْفِهِمْ سَدًّا فَاَغْشَيْنٰهُمْ فَهُمْ لاَ يُبْصِرُوْنَ ﴾

ئۇلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن توسانجىلارنى قىلدۇق، ئاندىن ئۇلارنى يۆگىدۇق، بەس ئۇلار هىدايەتنىڭ يوللىرىنى كۆرمەيدۇر ۋە باش ئەگمەيدۇر، بۇ ئىككى ئايەت ئول ئەشەددى مۇشرىكلەرنىڭ ئىمان تەرىپىگە باش ئەگمەسلىكىدە ۋە هىدايەت يوللىرىنى كۆرمەسلىكىدە ۋە هەمدە قىيامەت كۈنى دوزاختا بىر نەۋئى ئازاپ قىلىنىشىغا مىسالدۇر. بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىدا رىۋايەت قىلىندىكى، ئەبۇ جەهىل مۇھەممەدنىڭ ناماز ئوقۇغىنىنى كۆرسەم بېشىنى تاش بىلەن ئېزىۋېتىمەن دەپ قەسەم قىلىپ بىر تاشنى كۆتۈرگەن هالەتتە هەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ناماز ئوقۇغان جايغا كىلىپ قولىنى كۆتۈرىۋىدى، قولى كەدىنىگە، تاش قولىغا چاپلىشىپ قالدى، بۇرادەرلىرىنىڭ قېشىغا كىلىپ ئەهۋالنى بايان قىلغاندىن كېيىن تاش قولىدىن ئاجرىدى، ئاندىن كېين ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ئۇشبۇ سۇيقەست بىلەن كىلۋىدى ئاللاھ تائالا كۆزىنى كور قىلدى، هەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى كۆرمەيياندى دەپتۇرلەر.

﴿ وَ سَوَاءٌ عَلَيْهِمْ ءَاَنْذَرْتَهُمْ اَمْ لَمْ تُنْذِرْهُمْ لاَ يُؤْمِنُوْنَ ﴾

ئى مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام ئەهلى مەككىنى تەبلىغ

ئەھكام بىلەن قورقۇتساڭمۇ ئۇلارغا بەرىبىردۇركى ئىمان كەلتۈرمەيدۇ، تەبلىغ پايدا قىلمايدۇ.

﴿ اِنَّمَا تُنْذِرُ مَنِ اتَّبَعَ الذِّكْرَ وَ خَشِيَ الرَّحْمٰنَ بِالْغَيْبِ فَبَشِّرْهُ بِمَغْفِرَةٍ وَّ اَجْرٍ كَرِيمٍ ﴾

بىتەھقىق سېنىڭ قورقۇتقىنىڭ بىر كىشىگىكى پايدا قىلىدۇ، قۇرئانغا ئەگەشتى ۋە رەھمان تەئەلادىن قورقۇپ ئىمان كەلتۈردى ۋە سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە ئىشەندى. بەس مۇنداق كىشىنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەجرى بىرلە ئاللاھ تائالاغا مۇلاقەت بولۇپ جەننەتتە مېھمان بولۇش بىلەن خوش خەۋەر بەرگىل. بۇ ئايەتتە مۆئمىنلەرگە خۇرسەنلىك باردۇر.

﴿ اِنَّا نَحْنُ نُحْيِ الْمَوْتٰى وَ نَكْتُبُ مَا قَدَّمُوْا وَ اٰثَارَهُمْ ﴾

بىز جەزمەن قىيامەت كۈنى ھەشرە ئۈچۈن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئەمەللىرىنى كىرامەن كاتىبىننى بۇيرىماق بىلەن ئۇلارنىڭ دەپتەر ئەئمالىغا يازىمىز. رىۋايەت قىلىنىدى: ھەر ئادەم ئىسلام دىنىدا بىر ياخشى يولنى پەيدا قىلسا ئۇنىڭ ساۋابىدا شۇ يولدا ماڭغۇچىلارنىڭ ساۋابى ئوخشاش بولۇر ۋە ئەگەر بىر يامان ئىشنى پەيدا قىلغان بولسا ئۆزىنىڭ گۇناھى ۋە مۇشۇ يولدا ماڭغۇچىلارنىڭ گۇناھى بىرلىكتە پۈتۈلىدۇ.

﴿ وَ كُلَّ شَيْءٍ اَحْصَيْنٰهُ فِيْ اِمَامٍ مُبِيْنٍ ﴾

ۋە ھەر نەرسىنى لەۋھىل مەھپۇزدا ساندۇق.

﴿ وَاضْرِبْ لَهُمْ مَثَلاً اَصْحٰبَ الْقَرْيَةِ اِذْ جَاءَهَا الْمُرْسَلُوْنَ ﴾

ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەھلى مەككىلەرگە بىر مىسالنى بايان قىلغىن، يەنى رۇم شەھرىدە ئەنتەكىيەنىڭ قىسسىنى بايان قىلىپ بەرگىن، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىرى كەلگەندە بولارنى قانداق يوق قىلدۇق، بۇ ئەلچىلەرنىڭ ئىسملىرى شەمئۇن، يۇھەننا، پۇلەس ئىدى دەپتۇرلەر.

﴿ اِذْ اَرْسَلْنَا اِلَيْهِمُ اثْنَيْنِ فَكَذَّبُوْهُمَا ﴾

ۋاقىتكى ئىبەردۇق ئۇل ئەنتاكىيە قەۋمىگە ئۇل ئىككى ئەلچىنى، يالغانچى سىزلەر دەپ ئىنكار قىلدى، يەنى ھەپسىگە ئالدى.

﴿ فَعَزَّزْنَا بِثَالِثٍ فَقَالُوْا اِنَّا اِلَيْكُمْ مُرْسَلُوْنَ ﴾

ئۇ ئىككەيلەنگە 3 ـ شەمئۇن بىلەن قۇۋۋەت بەردۇق، يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام بۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئىبەردى، ئاندىن ئۇلار بىز سىزلەرگە تەبلىغ، ئەھكام رىسالەت ئۇچۇن جەزمەن ئىبرىلگەن دېدىلەر. تەپسىرى مادار ۋە تەپسىرى ھۇماملىنەردە بايان قىلىنىپدۇركى، بۇ ئەنتاكىيەدە يۇنان پادىشاھلىرىدىن نەنقس ناملىق بىر پادىشاھ بار ئىدى، خەلقلىرى بىلەن ھەممىسى بۇتپەرەس ئىدى، ئۇل ئىككى ئەلچىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ چاقىرتىپ كېلىپ، نېمە ئادەم سىزلەر دېدى، بۇ ئىككەيلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىرىدۇرمىز دېدى، پادىشاھ نېمە ئۈچۈن كەلدىڭلار؟ دېدى، بۇلار سىزلەرنى ئاڭلىماس، كۆرمەس، سۆزلىمەس بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن قايتۇرۇپ بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش ئۈچۈن كەلدۇق دېدى. پادىشاھ بۇتلىرىمىزدىن ئۆزگە خۇدا بارمۇ؟ دەپ سورىدى. ئەلچىلەر دېدىكى: سېنى يوق يەردىن يارىتىپ، تەربىيە قىلىپ ئۆستۈرگەن ئاللاھ بار دېدى، پادىشاھ غەزەب ناك بولۇپ، بۇلارنى ھەپسىگە ئالدى ۋە يۈزدىن دەررە ئۇردى. ئاندىن ئىيسا ئەلەيھىسسالام شەمئۇننى ئىبەردى، شەمئۇن شەھەرگە كىرىپ، دىن مىللەتتىن سۆز قىلماي، پادىشاھنىڭ يارانلىرى بىلەن ئۈلپەت ئالدى، ئاندىن پادىشاھ بىلەن ئۈلپەت ئالدى، پادىشاھ ئىززەت ـ ئىكرام قىلدى، بىر كۈنى شەمئۇن ئۇقمىغان كىشى بولۇپ تۇرۇپ، پادىشاھ سېنى باشقا دىنغا چاقىرغان سەۋەبتىن ئىككى نەپەر ئادەمنى ھەپسىگە ئىلىپسەن دەپ ئاڭلىدىم، گەپ ـ سۆزىنى ئاڭلاپ باقتىڭمۇ؟ دېدى، پادىشاھ غەزەبلىك ھالەتتە: ئۇلارنىڭ سۆزىگە بەك قولاق سالمىدىم دېدى، شەمئۇن ئېيتتى كۆرۈشۈپ گەپ سوراپ باقايلى دېدى، پادىشاھ ئۇ ئىككى ئەلچىنى ئالدۇرۇپ كەلدى، شەمئۇن سىزلەرنى كىم ئىبەردى دېدى، بۇ ئىككىسى دېدىكى: تامامى مەخلۇقاتنى ياراتقان، زاتىدا ۋە سۈپىتىدە ھېچ شېرىكى يوق ئاللاھ تائالا

ئېبەردى دېدى، شەمئۇن: سىزلەرنى ئاللاھ ئېبەرگەنلىكى ئۈچۈن قايسى نىشاننى كۆرسىتىسىزلەر؟ دېدى، بۇلار پادىشاھ نېمىنى ئىختىيار قىلسا شۇنى كۆرسىتىمىز دېدى، پادىشاھ تۇغۇلما بىر قارىغۇ بالىنى كەلتۈرۈپ كېلىپ، ساقايتىڭلار دېدى، بىر دۇئا قىلىش بىلەن كۆزىنىڭ ئورنى يېرىلىپ كۆز پەيدا بولدى، ئەتراپقا قارىدى، پادىشاھ ھەيران قالدى، شەمئۇن: ئى پادىشاھ بۇتلىرىڭدىن سورىغىن، بۇنىڭ ئوخشىشىنى پەيدا قىلسۇن دېدى. ئاندىن ساڭا ۋە بۇتلىرىڭغا كاتتا شەرەپ بولسۇن دېدى، پادىشاھ دېدى: ئي شەمئۇن ساڭا مەلۇمدۇركى، بۇ بۇتلىرىمىز ئاڭلىمايدۇ ۋە كۆرمەيدۇ ۋە پايدا- زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ دېدى، ئاندىن پادىشاھ: خۇدايىڭلار ئۆلۈكنى تىرىلدۈرسە ئىمان كەلتۈرىمىز دېدى، بۇلار: ئاللاھ ھەممە ئىشقا قادىردۇر دېدى، پادىشاھ: ئۇنداق بولسا، بۇ جايدا يەتتە كۈن بولغان بىر ئۆلۈك بار، ئاتىسى غايىب دېدى كەلگۈچە تەخىر قىلغان ئىدىم، تىرىلدۈرۈڭلار دېدى، ئاندىن ئۇل ئۆلۈكنىڭ قېشىغا باردى، ئۆلۈكنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپتۇ، بۇ ئىككەيلەن ئاشكارا دۇئا قىلدى، شەمئۇن مەخپى دۇئا قىلدى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈك دەرھال تىرىلىپ قوپۇپ ئېيتتىكى: مەن ئۆلگەندىن كېيىن مۇشرىك بولغىنىم ئۈچۈن بۇ يەتتە كۈندە دوزاخنىڭ يەتتە بايانىغا كىرگۈزۈلدۈم، كۆرمىگەن ئازابلىرىم قالمىدى، ھەرگىز مۇشرىك بولماي مۆئمىن بولۇڭلار دېدى، ئۇل بالا ئېيتتىكى: ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلدى، بىر چىرايلىق ياش كىشى بۇ ئۈچەيلەنگە شاپائەت قىلغىنىنى كۆردۈم دېدى، ئاندىن پادىشاھ تەئەججۇبقا قالدى، شەمئۇن پادىشاھقا نەسىھەت تەسىر قىلغىنىنى كۆرۈپ ئەھۋالنى بايان قىلىپ، پادىشاھنى ئىمانغا دەۋەت قىلدى، پادىشاھ بىر مۇنچە خالايىقلار بىلەن ئىماي ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى، بىر مۇنچە خەلقلەر ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىماي جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازلىرى بىلەن ھالاك بولدى دەپتۇرلەر.

﴿ قَالُوْا مَا اَنْتُمْ اِلاَّ بَشَرٌ مِثْلُنَا وَمَا اَنْزَلَ الرَّحْمٰنُ مِنْ شَيْءٍ اِنْ اَنْتُمْ اِلاَّ تَكْذِبُوْنَ ﴾

ئەنتاكىيە خەلقى ئېيتتىلەركى: ئى ئەلچىلەر، سىزلەرمۇ

بىزلەرگە ئوخشاش ئادەملەردۇرسىزلەر، تەن ۋە قۇرۇلۇشتا، يېمەك ـ ئىچمەكتە، يۈرۈش ـ تۇرۇشلاردا ئوخشاش تۇرساق، نېمە ئۈچۈن سىزلەر بىزلەردىن ئۈستۈنلۈك داۋاسىنى قىلىپ پەيغەمبەر دەيسىزلەر؟ ئاللاھ ھېچ نەرسىنى نازىل قىلمىدى، سىزلەر يالغانچىلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس دېدى.

﴿ قَالُوا رَبُّنَا يَعْلَمُ اِنَّا اِلَيْكُمْ لَمُرْسَلُونَ ﴾

ئەلچىلەر ئېيتتىكى: پەرۋەردىگارىمىز بىلىدۇ، بىتەھقىق بىز سىزلەرگە ئىبىرىلگەندۇرمىز، ئەلچىلەر ئېيتتىكى: ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىزلەر ئەلۋەتتە سىزلەرنىڭ تەرىپىڭلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەردۇرمىز.

﴿ وَمَا عَلَيْنَا اِلاَّ الْبَلَاغُ الْمُبِينُ ﴾

بىزنىڭ زىممىمىزگە ئاشكارا تەبلىغ رىسالەت قىلماقتىن ئۆزگە ھېچ نەرسە يوقتۇر، يەنى بىزلەرگە سىزلەرنى توغرا يولغا باشلىماق ئۈچۈن ۋاجىبتۇر. سىزلەرگە ھەم ئىمان كەلتۈرمەك ۋاجىبتۇر.

﴿ قَالُوا اِنَّا تَطَيَّرْنَا بِكُمْ لَئِنْ لَمْ تَنْتَهُوا لَنَرْجُمَنَّكُمْ وَ لَيَمَسَّنَّكُمْ مِنَّا عَذَابٌ اَلِيمٌ ﴾

ئەنتاكىيە مۇشرىكلىرى ئېيتتىلەركى: بىزلەر سىزلەر بىلەن شۇم پال ئالدۇق، چۈنكى سىزلەر شەھىرىمىزگە پەيدا بولغاندىن بېرى ئېرىق ـ ئۆستەڭ، دەريالىرىمىزگە سۇ كەلمىدى، قار ـ يامغۇر ياغمىدى، قەھەتچىلىك پەيدا بولدى، ئارىمىزدا كېسەل كۆپ بولدى، ئۆسۈملۈكلىرىمىز ئۈنۈم بەرمىدى، مۇنداق بولۇش سىزلەرنىڭ شۇملۇقلىرىڭىزلەردىن بولدى دېدىلەر. ئەگەر سىزلەر قىيامەتنىڭ، دوزاخنىڭ، جەننەتنىڭ، ئىمان ئېيتىشنىڭ تەشۋىقىدىن توختىمىساڭلار، ئەلۋەتتە سىزلەرنى تاش ئېتىپ ئۆلتۈرىمىز، ھەر ئاينە بىز تەرەپتىن قاتتىق ئازاب سىزلەرگە يېتىدۇ دېدى.

﴿ قَالُوا طَائِرُكُمْ مَعَكُمْ اَئِنْ ذُكِّرْتُمْ بَلْ اَنْتُمْ قَوْمٌ مُسْرِفُونَ ﴾

ئۇل ئەلچىلەر ئېيتتىلەركى: ئى مۇشرىكلەر، بىزلەر شۇم ئەمەسمىز، بەلكى شۇملۇق ئۆزۈڭلاردا ھەمىشە ھەمراھ تۇرسا، يەنى كۇفرى دېگەن شۇملۇق دائىم سىزلەردىن جۇدا بولمىسا يەنە

بىزنى شۇم دەمسىزلەر، سىزلەرگە ئىمان ـ ئىسلامنىڭ سۆزىنى ئېيتىپ نەسىھەت قىلساق، بىزلەرنى شۇم دېيىسىزلەر، ۋە ئەگەر ئىمانىنىڭ سۆزىنى ئېيتماي يامان يولدىن، يامان ئىشتىن ياندۇرمساق بىزنى ياخشى ئادەم ئىكەن دەيسىزلەر، بىزلەر ھەرگىز ھەقنى ئېيتماي تۇرالمايمىز، سىزلەرنىڭ بىزلەرنى ياخشى ياكى يامان دېگەن سۆزۈڭلار، بىزنى ھەق سۆزنى ئېيتىشتىن توختىتالمايدۇ، بەلكى سىزلەر ئىسراپ قىلغۇچىدۇرسىزلەر، يەنى ئىمان دېگەن گۆھەرنى زايا قىلىپ، كۇفرىنى ئىختىيار قىلغۇچى قەۋمدىندۇرسىزلەر.

﴿ وَ جَاءَ مِنْ اَقْصَاالْمَدِيْنَةِ رَجُلٌ يَسْعٰى ﴾

ۋە كەلدى شەھەرنىڭ يىراق چېتىدىن ھەبىبى نەججار دېگەن ئادەم يۈگۈرگە ھالەتتە.

﴿ قَالَ يٰقَوْمِ اتَّبِعُوا الْمُرْسَلِيْنَ اتَّبِعُوْا مَنْ لاَّ يَسْئَلُكُمْ اَجْرًا وَّهُمْ مُهْتَدُوْنَ ﴾

ئول ھەبىبى ئېيتتىكى: ئى قەۋملىرىم، بۇ ئەلچىلەرگە ئەگىشىڭلار، سىزلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت ئېيتقىنىغا ئەجىر تەلەپ قىلمايدۇ، ۋە ھالبۇكى ئول ئەلچىلەر توغرا يولغا ماڭغۇچىلاردىندۇر، سىزلەرنى ھەم توغرا يولغا باشلايدۇر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە راھەت ئالۇرسىزلەر. تەپسىر ساۋىدە بايان قىلىندىكى، بۇ كىشى قەۋمىگە بۇت ياساپ بېرۇر ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەردىن ئىدى، ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بۇ كىشىنىڭ ئارىلىقىدا 600 يىل بار ئىدى.

﴿ وَمَالِيَ لاَ اَعْبُدُ الَّذِىْ فَطَرَنِىْ وَ اِلَيْهِ تُرْجَعُوْنَ ﴾

ۋە نېمە بولدى ماڭا ياراتقان زاتقا ئىبادەت قىلغايمەن، سىزلەرمۇ ئى قەۋملىرىم ھېساب ئۈچۈن ئول زاتنىڭ تەرىپىگە بارۇرسىزلەر ۋە ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىڭىزگە قارىتا جازا كۆرۈلسىزلەر.

﴿ ءَاَتَّخِذُ مِنْ دُوْنِهٖ اٰلِهَةً اِنْ يُرِدْنِ الرَّحْمٰنُ بِضُرٍّ لاَ تُغْنِ عَنِّى

شَفَاعَتُهُمْ شَيْئًا وَّلاَ يُنْقِذُوْنِ ﴾

ئايا مېنى ياراتقان زاتتىن باشقا بۇتقا ئىبادەت قىلىمەنمۇ؟ ئەگەر رەھمان تائالا ماڭا بىرەر زەرەر يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇل بۇتلار مەندىن ئۇل زىياننى دەپئى قىلالمايدۇ ۋە قۇتقۇزالمايدۇ، يەنى پايدا- زەرەرى يوق بۇتلارغا ھەرگىز ئىبادەت قىلمايمەن، سىزلەرمۇ ئەمە ئىبادەت قىلماڭلار.

﴿ اِنِّيْ اِذًا لَّفِيْ ضَلاَلٍ مُّبِيْنٍ ﴾

مەن مۇنداق بۇتلارغا ئىبادەت قىلغان ۋاقتىمدا جەزمەن گۇمراھلىقتا ئۇتوپدۇرمەن.

﴿ اِنِّيْ اٰمَنْتُ بِرَبِّكُمْ فَاسْمَعُوْنِ ﴾

ئى ئەلچىلەر بىتەھقىق مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان كەلتۇردۇم، بەس ئاڭلاپ قويۇڭلار دەپ ئىمانىغا مۇشەررەپ بولدى. بۇ ئەر كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قەۋمىگە خىتاب قىلماي، نەپسىگە خىتاب قىلىپ سۆزلىدىكى: يۇمشاقلىق بىلەن قەۋمنى ئىمان ئېيتماققا مېھرىبانلىق قىلماق باردۇر.

﴿ قِيْلَ ادْخُلِ الْجَنَّةَ ﴾

بۇ كىشى ئىمان ئېيقاندىن كېيىن قەۋمى ئۇل كىشىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردى، ئاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن خۇش خەۋەر بېرىش ئۇچۇن: ئى ئەر كىشى جەننەتكە كىرگىل دېدى.

﴿ قَالَ يٰلَيْتَ قَوْمِيْ يَعْلَمُوْنَ. بِمَا غَفَرَلِيْ رَبِّيْ وَ جَعَلَنِيْ مِنَ الْمُكْرَمِيْنَ ﴾

ئۇل كىشى جەننەتكە كىرگەندىن كېيىن ئېيتتىكى: ئى كاشكى مېنىڭ قەۋملىرىم بىلسە ئىدى قايسى سەۋەب بىلەن پەرۋەردىگارىم گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلدى ۋە مېنى جەننەتتە تۈرلۈك نازۇ- نېمەتلەر بىلەن ئىكرام قىلدى. بۇ ئايەت تەپسىرىدە مەزكۇردۇركى، ئۇل ئادەمنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئاللاھ تائالا قەۋمىگە غەزەب قىلدى ۋە ئىنتىقام ئېلىشقا ئالدىرىدى، بۇلارنى يوقىتىش ئۇچۇن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى بۇيرۇدى،

ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام شەھەرنىڭ ئىككى يان ياغچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، شەھەرنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ بىر ئاۋاز قىلدى، شەھەر خەلقى ھەممىسى ھالاك بولدى.

﴿وَمَا اَنْزَلْنَا عَلٰى قَوْمِهِ مِنْ بَعْدِهِ مِنْ جُنْدٍ مِنَ السَّمَاءِ وَمَا كُنَّا مُنْزِلِينَ﴾

ۋە ئۇل ئادەمنىڭ قەۋمىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇل ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئاسماندىن ئەسكەر چۈشۈرمىدۇق ۋە ئەسكەر چۈشۈرگۈچى بولمىدۇق. ئىلمى ئەزەلىيەدە بۇ ئايەتتە ئۇلارنى يوقىتىش ھەقىر سانىماقلىق باردۇر.

﴿اِنْ كَانَتْ اِلاَّ صَيْحَةً وَاحِدَةً فَاِذَاهُمْ خٰمِدُوْنَ﴾

بولمىدى ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشى ئەگەر ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئاۋاز قىلمىقى پەس بىناگاھ ئۇلار ئۆچكۈچىدۇر. بۇ ئايەتتە ھاياتلىق دېگەن كۆيۈپ تۇرغان ئوتقا ئوخشاش، ئۆلۈك ئۆچۈن ئۆچۈپ قالغان كۆلگە ئوخشاش دېگەن بىشارەتتۇر.

﴿يٰحَسْرَةً عَلَى الْعِبَادِ مَا يَاْتِيهِمْ مِنْ رَسُوْلٍ اِلاَّ كَانُوْا بِهِ يَسْتَهْزِءُوْنَ﴾

ئى ھەسرەت ۋە نادامەت مۇشرىكلەرگە، كەلمەيدۇر ئۇلارغا ھېچ پەيغەمبەر كەلمىدى، ئەگەر پەيغەمبەر كەلسە مەسخىرە قىلدىلەر ۋە ئىمان كەلتۈرمىدىلەر، شۇل سەۋەبتىن قىيامەت كۈنى ئازابنى كۆرگەندە پۇشايمان قىلىدۇر، ئەمما ئۇ قىلغان پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇرلەر.

﴿اَلَمْ يَرَوْا كَمْ اَهْلَكْنَا قَبْلَهُمْ مِنَ الْقُرُوْنِ اَنَّهُمْ اِلَيْهِمْ لاَ يَرْجِعُوْنَ﴾

ئايا بىلمەيدۇرلەر ئۇلار ئۇل پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلغان ئۇل مۇشرىكلەر، ئىلگىرى ئۆتكەن تولا خەلقلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئىمان ئېيتماي، پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىماي مەسخىرە قىلغان

تۇپەيلىدىن، ۋە مۇنى بىلمەيدۇ، ئۇل ھالاك بولغۇچىلار دۇنياغا قايىتىپ كەلمەيدۇرلەر، يەنى ئۇل مۇشرىكلەر ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ ھالاك بولۇش ئەھۋالىنى بىلۇرلەر، بۇلاردىن ئىبرەت ئېلىپ نىمە ئۈچۈن ئىمان كەلتۈرمەيدۇرلەر.

﴿وَ اِنْ كُلٌّ لَمَّا جَمِيْعٌ لَدَيْنَا مُحْضَرُوْنَ﴾

جەزمەن ھەممە خالايىق ھېساب ئۈچۈن دەرگاھىمىزغا ھازىر قىلىنغۇچىدۇرلەر، ئۇلارنىڭ ئەمەلىگە قارىتا جازا بېرىلىدۇ. رىۋايەت قىلىندى، بۇ ۋاقىتدا ھەر بەندىدىن 5 نەرسىدىن سوئال سورىلىدۇ. (1) قايىسى ئەمەل بىلەن ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزدۈڭ؟ (2) ياشلىق ۋاقتىڭنى نىمىگە سەرپ قىلدىڭ؟ (3) پۇللارنى قايىسى سەۋەب بىلەن تاپتىڭ؟ (4) تاپقان پۇلنى قايىسى ئورۇنغا سەرپ قىلدىڭ؟ (5) بىلگەن ئىشلىرىڭدىن قايىسى ئىشلارنى قىلدىڭ؟ يەنى ھەدىس شەرىفتە بۇ ئايەن مەزمۇنىچە:

﴿ثُمَّ لَتُسْئَلُنَّ يَوْمَئِذٍ عَنِ النَّعِيْمِ﴾

مەزمۇنى: تامامى نېئمەتلەردىن ھېساب سورۇلىدۇ.

﴿وَ اٰيَةٌ لَهُمُ الْاَرْضُ الْمَيْتَةُ اَحْيَيْنٰهَا وَ اَخْرَجْنَا مِنْهَا حَبًّا فَمِنْهُ يَاْكُلُوْنَ﴾

ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇل مۇشرىكلەرگە ئۆلۈك زېمىن بەلگە بولسۇدۇركى، ئۇل زېمىننى يامغۇر بىلەن تىرىلدۇردۇق، ئۇل زېمىندىن جىنسى دانىلەرنى چىقاردۇق، بەس ئۇلارنىڭ بەزىسىنى يەيدۇر. بۇ ئايەتتە ئۆلۈك زېمىننى بۇ تەرتىپتە تىرىلدۇرگۇچى زات ئۆلۈكنى تىرىلدۇرۇشكە قادىر دەپ ئاللاھنىڭ بىر ۋە بارلىقىغا، قىيامەتنىڭ ھەقلىقىغا دەلىل كۆرسەتمەك باردۇر.

﴿وَ جَعَلْنَا فِيْهَا جَنّٰتٍ مِنْ نَخِيْلٍ وَّ اَعْنَابٍ وَّ فَجَّرْنَا فِيْهَا مِنَ الْعُيُوْنِ. لِيَاْكُلُوْا مِنْ ثَمَرِهٖ وَمَا عَمِلَتْهُ اَيْدِيْهِمْ اَفَلَا يَشْكُرُوْنَ﴾

ئۇل زېمىندا خورما، ئۈزۈم ۋە ھەر خىل مېۋىلەردىن بولغان باغ - بوستانلارنى قىلدۇق، بەندىلەر ئۇل باغلارنىڭ مېۋىلىرىدىن مۇشەققەت تارتماي يىسۇن ئۈچۈن، ئۇل زېمىندا بۇلاقلارنى قىلدۇق،

ئايا بۇ نېمەتلەرگە شۈكرى قىلمامدۇ؟ يەنى ئەلۋەتتە شۈكرى قىلىپ ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن دىن، دىيانەت، تائەت ۋە ئىبادەت قىلماق لازىمدۇر. (تەنبىيە) ئى مۇسۇلمانلار، ئاللاھنىڭ بىر ۋە بارلىقىغا ۋە قىيامەتنىڭ راستلىقىغا بۇ ئايەت دەلىلدۇر. قاراپ بېقىڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ قۇرۇق زېمىنغا يامغۇر ياغدۇرۇپ، ياز پەسلىدە گىياھلارنى ئۈندۈرۈپ، كۈز پەسلىدە قۇرۇتۇپ قويماقلىقى، ئاللاھنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا ئىنتىزار تەپەككۇر قىلغۇچى يوق، خالىغان نەرسىنى قىلىدۇر دېگەنگە ئىشارەتتۇر دېگەن بېيت بۇ ھەقتە ئېيتىلغاندۇر، يەنى دۇنيادىكى نەرسىلەردە ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان بەلگە باردۇر، ھەر زاتىكى ئەتىياز پەسلىدە ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرۈشكە كۈچى يەتكۈچى زات شەكسىز قىيامەتتە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە كۈچى يەتكۈچى. ئانداغكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: ئەتىياز پەسلىنى كۆرسەڭلەر قىيامەت كۈنى تىرىلىپ قوپۇشۇڭلارنى ياد ئېتىڭلار دېدى. بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىدە ئەتىياز پەسلى قىيامەت كۈنىگە 10 ۋەجھىدىن ئوخشايدۇ دەپتۇر. (1) ئەتىياز پەسلىدە گىياھلار ئۈنۈپ چىقىدۇ، شۇنىڭدەك قىيامەت كۈنى تامام ئۆلۈكلەر ۋە خەزىنىلەر يەر يۈزىگە چىقىدۇ. (2) ياز پەسلى بەزى ئادەملەرگە راھەت ۋە بەزى ئادەملەرگە كېسەل رەنجى مۇشەققەتتۇر، شۇنىڭدەك قىيامەت كۈنى بەزى خالايىق خۇرسەندە ۋە بەزىلىرى غەمكىن بولۇر. (3) قىش كۈنى قورغاق تائام يىگۈچىلەر ياز كۈنى كېسەل ۋە جاراھەتكە دۇچار بولىدۇ، شۇڭا ھارام شۈبھىلىك تائام يىگۈچىلەر قىيامەتتە ئازاب ۋە زىيانكارلىققا ئۇچرايدۇ. (4) دۇنيادا تولا ئادەملەر كۆپ مۇشەققەت بىلەن زىرائەت تېرىلغۇ قىلسا، ئاپەت يېتىش بىلەن ئۇنىڭ ھوسۇلدىن مەھرۇم قالىدۇر، شۇنىڭدەك بەزىلەرنىڭ ئەملى رىيا قىلغان سەۋەبتىن باتىل بولىدۇر. (5) ياز كۈنلىرى خالايىقلار ئۆستەڭ بويىدا، بوستانلاردا يارانلىرى بىلەن ئولتۇرۇشقاندەك قىيامەت كۈنى خالىسلەر سادىقلەر بىلەن ئولتۇرار. (6) يازنىڭ شاماللىرى بەزى خالايىقلارغا پايدا ۋە بەزىلەرگە زىيان قىلىدۇ، بەزىلەر سەئىد ۋە بەزىلەر شەقى بولىدۇ. (7) قىش پەسلىدە دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرى چۈشۈپ كېتىدۇ، ياز پەسلىدە يوپۇرماق چىقىرىپ تازا بولغاندەك

ئابىت ۋە زاھىتلار قىيامەتتە ئىززەت، ھۆرمەت، شەرەپ ۋە تائەت-ئىبادەتلەرنىڭ كېيىمىنى ۋە كارامەت تاجىنى كىيىدۇ. پاسىق فاجىرلار ئىبادەتنىڭ مېۋىسى ۋە ئىمانىنىڭ كىيىملىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، خالايىقلار ئالدىدا رەسۋا بولىدۇ. (8) دۇنيادا زىرائەت قىلمىغان، يەنى تائەت-ئىبادەت قىلمىغان ئادەم قىيامەتتە پۇشايمان ۋە نادامەت قىلىدۇ. (9) ياز پەسلىدە زىرائەت قىلغان كىشى خامانىنى ئۆزى ئالىدۇ، بۇ دۇنيادا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئىبادەت قىلغۇچى سالىھ كىشىلەر قىيامەتتە راھەت تاپىدۇ، ئەگەر بۇ دۇنيادا يامان ئىش قىلسا ئاخىرەتتە ئازاب تارتىدۇ، دۇنيا دېگەن ئاخىرەت ئۈچۈن تېرىلغۇ قىلىدىغان جايدۇر. (10) ياز پەسلىدە تۈرلۈك گۈل-چېچەكلەر ئېچىلىپ ئاشكارا بولغاندەك، قىيامەتتە ئىخلاس، زوق، شەۋق، خەۋپى رىجا، كۇفرى ۋە نىفاق ئاشكارا ۋە پىنھان قىلماي، ھەممە ياخشى-يامان ئىشلار ئاشكارا بولىدۇ.

﴿ سُبْحٰنَ الَّذِىْ خَلَقَ ا لاَزْوَاجَ كُلَّهَا مِمَّا تُنْبِتُ ا لاَرْضُ وَمِنْ اَنْفُسِهِمْ وَ مِمَّا لاَ يَعْلَمُوْنَ ﴾

پاكدۇر ئۇل بىر زاتكى زېمىندە ئۈندۈرگەن نەرسىلەردىن ۋە ئىنسانلارنىڭ نەسلىدىن ئۇلار بىلمەيدىغان مەخلۇقاتلاردىن ھەممىنى جۈپ ياراتتى، يەنى زېمىندىن مېۋىلەردىن دانىلەرنى ياراتتى، ئادەم ۋە ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارنى ئەركەك-چىشى ياراتتى، ھەممىنى جۈپ ياراتتى، ۋە خالايىقلار بىلمەيدىغان تاغ-باياۋانلاردىكى ئاجايىپ-غارايىپ مەخلۇقلاردىن ھەم ئەركەك-چىشى ياراتتى، ئاي بىلەن كۈننى بىر جۈپ ياراتتى، ئاسمان بىلەن زېمىننى بىر جۈپ ياراتتى، جەننەت بىلەن دوزاخنى بىر جۈپ ياراتتى، كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىر جۈپ ياراتتى، بۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى بىر جۈپ ياراتتى، ئىلمى بىلەن ئەمەلنى بىر جۈپ ياراتتى، قىش بىلەن يازنى بىر جۈپ ياراتتى، مۇشۇ نەرسىلەرنى مۇشۇ ئۇسۇلدا ياراتقۇچى زات ھەممە كەمچىلىك ۋە ئەيىبلەردىن پاك مۇنەززەھدۇر، ھېچ بىر نەرسە بۇ زاتقا ئوخشىمايدۇر. لَيْسَ كَمِثْلِه شَيْئٌ سۆپىتىگە ئىگىدۇر.

﴿ وَاٰيَةٌ لَهُمُ الَّيْلُ نَسْلَخُ مِنْهُ النَّهَارَ فَاِذَاهُمْ مُظْلِمُوْنَ ﴾

يەنى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ئۇل مۆشرىكلەرگە كىچە بىر نىشاندۇركى، ئۇل كىچىدىن كۈندۈزنى ئايرىيمىز، ئاندىن بىناگاھ ئۇلار قاراڭغۇلۇقتا بولغۇچىدۇر، يەنى كىچە بىلەن كۈندۈزنى بىر- بىرىگە كىرىشتۈرمەكى كىچىنى ئىستىراھەت ئۈچۈن، كۈندۈزنى مەئىشەت ئۈچۈن ياراتتى، بۇ بولسا ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ۋە باشقا كاتتا سۈپەتلىرىگە دەلىلدۇر. بۇ ئايەتتىن كۈندۈز بىلەن كىچىنىڭ پەرقى بولسۇن دىگەن ھېكمەت بىلەن ھەدىس شەرىپتە كەلتۈرۈپدۇركى، كىچە جەننەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئېلىنغان، كۈندۈز دوزاخنىڭ روشەنلىكىدىن ئېلىنغان، شۇ جەھەتتىن جەننەتتە قاراڭغۇلۇق يوقتۇر، دوزاختا روشەنلىك يەنى يۇرۇقچىلىق يوق دەپ بايان قىلىنغان، شۇ جەھەتتىن مۆپەسسىرلەر كىچە كۈندۈزدىن ئەۋزەل دەپ بايان قىلدى.

﴿ وَالشَّمْسُ تَجْرِي لِمُسْتَقَرٍّ لَهَا ﴾

كۈن ماڭىدۇر ئۇ كۈن ئۆزىنىڭ قارار جايىغا، ئەرشىنىڭ تېگىدە ئىدى، كۈن ھەر كىچە ئولتۇرغان ھالەتتە ئەرشىنىڭ تېگىدە ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىپ ئىلتىجا قىلىپ ئېيتىدۇركى، خۇدايا دۇنيادا گۇناھ- مەئسىيەتلەر كۆپىيىپ كەتتى، مەن دۇنياغا چىقمىسام دەپ زارو- تەزەررۇئ قىلىپ يىغلايدۇ، كىچىنىڭ مىقدارى چىقماسلىقا ئىزنى بىرىلمەيدۇر، ئاندىن چىقىشقا ئەمر قىلىنىدۇ، مەشرىق تەرەپتىن چىقىدۇر، قىيامەت بولغۇچە شۇ تەرتىپتە چىقىدۇر.

﴿ ذَٰلِكَ تَقْدِيرُ الْعَزِيزِ الْعَلِيمِ ﴾

كۈننىڭ شۇل تەرەپتە يۈرمەكلىكى غالىب، تامامى يۇشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلگۈچى زاتنىڭ كامالىدۇر. رىۋايەت قىلىندى، قىيامەت كۈنى يېقىنلاشقاندا پىسقى پۇجۇر، گۇناھ- مەئسىيەتلەر كۆپ بولغان تونۇلغان ئىشنىقا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش، شەرمى- ھايا كۆتۈرۈلگەندە، شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرى ئاجىزلاشقان ۋاقىتدا كۈن ئەرشىنىڭ تېگىدە بىر كىچە مىقدارى ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ، ئاندىن تولۇئ قىلىشقا ئىزنى بىرىلمەي بۇ جايىدا ئۈچ كىچە مىقدارى تۇرۇپ قالىدۇ، شۇ كىچە ناھايىتى ئۇزاپ كېتىدۇ، بۇ كىچىنى تەھەججۇد ناماز ئوقۇيدىغانلاردىن باشقا كىشلەر بىلمەيدۇ،

ئۇلا كۈندىكىدەك ئۇيقۇسىدىن ئويغۇنۇپ، كۈندىكىگە ئوخشاش زىكرى - تەسبىھ، تائەت - ئىبادەتلەرگە مەشغۇل بولىدۇ، تاڭ ئاتمايدۇ، ئاندىن ئۇلار يۇلتۇزلارغا قاراپ ۋاقىتنى تاپالمىغان ئوخشايمىز دەپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولىدۇ، يەنە تاڭ ئاتمايدۇ، يۇلتۇزلارغا قارىشىدۇ، يۇلتۇزلار ئۆز ھالىتىدە تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئاندىن قورقۇشۇپ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىشىپ، بىر - بىرلىرىگە خەۋەر قىلىشىپ، مەسجىدلەرگە جەم بولۇپ ئاللاھقا زارۇ - تەزەررۇئ قىلىپ يىغلىشىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ھەر شەھەرلەردىن ئاز - ئازدىن تېپىلىدۇ، بۇنداق كىشىلەر خەلق ئارىسىدا خار ۋە زار، بايلار ئارىسىدا پېقىر، ئېتىبارسىز كىشىلەردۇر. ئۈچ كېچە مىقدارى تامام بولغاندا ئاللاھ تائالا كۈنگە مەغرىب تەرەپكە يانغىن دەپ پەرمان قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن يېنىپ مەغرىب تەرەپتىن چىقىدۇ، بۇ ۋاقىتتا قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئاي ۋە كۈن ئاللاھقا زارو - تەزەررۇئ قىلىپ يىغلايدۇ، ئاسمان - زېمىن ئەھلى ھەممىسى يىغلىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاسمان تەرەپتىن: ئاگاھ بولۇڭلاركى، كۈن مەغرىب تەرەپتىن چىقتى دېگەن ئاۋاز كېلىدۇ، ئۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئاسمان - زېمىن ئەھلى ھەممىسى يىغلىشىدۇ، شۇ ھالدا ئاسمانغا قارىشىدۇ، ئاي بىلەن كۈننىڭ نۇرى كەتكۈزۈلۈپ تەشتەككە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ، بۇ ۋاقىتتا قىلغان ئىبادەت، يىغلىغان يىغا، قىلغان زارۇ - تەزەررۇئ پايدا بەرمەيدۇر. ئاي بولسا مەغرىب تەرەپتىن چىقىپ چۈش بولغاندا ئەمر ئىلاھى بىلەن جىبرئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ قانتى بىلەن مەغرىب تەرەپكە قايتۇرىدۇ، ئاندىن ئاي، كۈن يېنىپ تەۋبىنىڭ دەرۋازىسىدا ئولتۇرىدۇ، بۇ ۋاقىتتا كەلتۈرگەن ئىمان، تەۋبە، ئىستىغفار ۋە باشقا بارلىق ئەمەللەر ھېچ قايسىسى مەقبول بولمايدۇ.

﴿ وَالشَّمْسُ تَجْرِىْ لِمُسْتَقَرٍّ لَّهَا. وَهُمْ يَوْمَ بَعْضَ اٰيَاتِ رَبِّكَ لاَ يَنْفَعُ نَفْسًا اِيْمَانُهَا لَمْ تَكُنْ اٰمَنَتْ مِنْ قَبْل اَوْ كَسَبَت ايماناهم خَيْرًا ﴾

دېگەن ئايەت كەرىمنىڭ مەزمۇنىدۇر، ئاندىن ئاي ۋە كۈن ئاۋالقى ئادىتى بويىچە مەشرىق تەرەپتىن چىقىدۇ، ئاز مۇددەتتىن كېيىن قىيامەت ئاشكارا بولۇر، ھەتتا بىر ئادەمنىڭ بوغاز ئېتى

توغۇپ بالىسنى مىنىشتىن بۇرۇن قىيامەت بولىدۇ دېيىلىدۇ (تەپسىرى
ھۇمامى تەنبىھ) .

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئىشىنىڭ ئاقىۋىتى مۇنداق بولسا
عَجِّلُوْا بِالصَّلٰوةِ قَبْلَ الْفَوْتِ وَ عَجِّلُوْا بِالتَّوْبَةِ قَبْلَ الْمَوْتِ.
ئالدىراڭلار نامازغا ۋاقتى ئۆتۈشتىن ئىلگىرى ۋە ئالدىراڭلار
تەۋبىگە ئۆلۈم كېلىشتىن ئىلگىرى دېگەنىنىڭ مەزمۇنى: تامام
ئىبادەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىش بىلەن ،ھەر تىنىق، ھەر قەدەمدە
تەۋبە ئىستىغفار ئېيتىپ، يامان ئىشقا بۇيرۇغان نەپسىگە قۇل
بولۇپ غەپلەتتە بولۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

﴿ وَالْقَمَرَ قَدَّرْنٰهُ مَنَازِلَ حَتّٰى عَادَ كَالْعُرْجُوْنِ الْقَدِيْمِ ﴾

ۋە تەقدىر قىلدۇق ئول ئايغا مەنزىللەرنى، يەنى ئاينىڭ سەير
قىلمىقى ئۈچۈن 28 كېچىدە 28 مەنزىلنى قىلدۇق، ھەر كېچىدە بىر
مەنزىلدە ئولتۇرىدۇ، ئاي 30 تامام بولسا ئىككى كېچە
يۇشۇرۇنىدۇ، ھەتتاكى ئاخىرىدا خورمىنىڭ كونا سېپىگە ئوخشاش
ئىنچىكە ئەگمەچ ئورىلىدۇ.

﴿ لَا الشَّمْسُ يَنْبَغِيْ لَهَا اَنْ تُدْرِكَ الْقَمَرَ وَ لَا الَّيْلُ سَابِقُ النَّهَارِ ﴾

ۋە كۈننىڭ ئاينى تاپمىقى لايىق ئەمەستۇر ۋە كېچە-
كۈندۈزدىن ئېشىپ كەتكۈچى ئەمەس، بەلكى ئارىدا كۈندۈز
پاسىلدۇر ياكى ئاي كۈن بىر- بىرىنىڭ ماڭىدىغان جايىدىن
ماڭمايدۇر.

﴿ وَ كُلٌّ فِيْ فَلَكٍ يَّسْبَحُوْنَ ﴾

ۋە ئىلي، كۈن، يۇلتۇز ئۆز پەلەكدە ماڭىدۇ.

وَجُمِعَ الشَّمْسُ وَالْقَمَرُ دېگەن ئايەت كەرىمنىڭ مەزمۇنىدۇر
(پائىدە تەپسىر ھۇمامى) دە ئېيتىپدۇركى، ئاي 1 - ئاسماندا،
كۈن 7 - ئاسماندا ماڭىدۇ، قىيامەت يېقىنلاشقاندا تەپسىرى
ھۇمامدا ئېيتىدۇركى، كۈن زېمىندەك 170 ھەسسە چوڭ، ئاي 70
ھەسسە چوڭ، ئاي بىلەن كۈننىڭ روشەنلىكى باراۋەر يارىتىلغان
ئىدى، كېچە- كۈندۈز ئايرىم بولسۇن دېگەن ھېكمەت بىلەن
ئالللاھ تائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا بۇيرۇق قىلدى، جىبرىئىل

ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئايىنى، قانىتى بىلەن سىلىۋېدى، روشەنلىكى ئاز قالدى، ئاينىڭ يۈزىدىكى داغ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قانىتىنىڭ ئەسىرىدۇر. شول سەۋەبتىن كۈننىڭ نۇرى زىيادە بولدى. فَمَحَوْنَا اٰيَةَ الَّيْلِ وَ جَعَلْنَا اٰيَةَ النَّهَارِ مُبْصِرَةً دېگەن قەۋلى مۇشۇنىڭغا ئىشارەتتۇر.

﴿ وَ اٰيَةٌ لَهُمْ اَنَّا حَمَلْنَا ذُرِّيَّتَهُمْ فِى الْفُلْكِ الْمَشْحُوْنِ ﴾

ۋە ئول ئەھلى مەككىلەرگە ئاللاھنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن بىر نىشاندۇركى، بۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى مۇندىن بۇرۇن ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مال مەتائ ۋە ھايۋاناتلار ۋە ئۇچارلىقلاردىن توشقۇزۇلغان كېمە بىلەن كۆتۈرۈپ توپان بالاسىدىن ساقلىدى، تەپسىرلەردە ئېيتىلىپدۇركى بۇ كېمە ئۈچ قەۋەت ئىدى، تېگىدىكى قەۋەتىدە مال مەتائلار سېلىنغان، ئوتتۇرىدىكى قەۋەتكە ئادەملەر توشقۇزۇلغان، ئۈستىدىكى قەۋەتتە ھەر خىل ھايۋانات ۋە ھەر خىل ئۇچار قانات جاندارلار توشقۇزۇلغان، كېمە سۇنىڭ ئۈستىدە يۈرۈپ سۇ ئازلىغاندا جۇدى دېگەن تاغ ئۈستىدە توختىغان، زېمىن قۇرىغاندا ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىدىكى ئادەملەر ۋە ھايۋانات، ئۇچارلىقلار بىلەن زېمىنگە چۈشكەن.

﴿ وَ خَلَقْنَا لَهُمْ مِنْ مِثْلِهِ مَا يَرْكَبُوْنَ ﴾

ۋە ئۇلارغا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنىڭ ئوخشىشىدىن ئۇلار مىنىپ ماڭىدىغان نەرسىلەرنىڭ يارىتىپ بەردۇق، بۇ نەرسىلەر سۇ پاراخوتى، ئايروپىلان ۋە دەريادىكى چوڭ ـ كىچىك ھەر خىل كېمە، پاراخوتلار ۋە قۇرۇقلۇقتىكى پويىز، ماشىنا ۋە چاھارپاي، مۇندىن باشقا مىنىپ مېڭىشقا لاياقەتى بار ھەر خىل نەرسىلەردىن ئىبارەتتۇر. بۇ نەرسىلەرنىڭ بەزىسى كۆرۈنۈشتە سانائەت ئارقىلىق ئىنسانلار پەيدا قىلغان نەرسىلەر بولسىمۇ، ھەقىقەتتە ئاللاھ تائالا سانائەت يوللىرىنى، پەم ـ ئىدراك قۇۋۋىتىنى بېرىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بەردىلەر، ئانداغىكى ئېيتتى جانابى ئاللاھ تائالا:

﴿ وَاللّٰهُ خَلَقَكُمْ وَمَا تَعْمَلُون ﴾

لېكىن بۇ دۇنيا ئالىمى ئەسباپ بولغانلىقىدىن بەزى سانائەتلەرنى بەندىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇرلەر،

مەلۇمكى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ﴿ واصنع الفلك باعيننا ووحينا ﴾ دېگەن خىتاب
بىلەن كېمە ياساشنى بىلدۈردى.

﴿ وَ اِنْ نَشَاْ نُغْرِقْهُمْ فَلاَ صَرِيْخَ لَهُمْ وَ لاَ هُمْ يُنْقَذُوْنَ ﴾

ۋە ئەگەر خالىساق ئۇل ئەھلى مەككىلەرنىڭ ئاتا-
بوۋىلىرىنى سۇدا غەرق قىلاتتۇق، ئاندىن ئۇلارنىڭ پەريادىغا
يەتكۈچى ھېچكىم بولماس ئىدى ۋە ئۇلار غەرق بولۇشتىن
قۇتقۇزۇلغۇچى ئەمەس ئىدى.

﴿ اِلاَّ رَحْمَةً مِنَّا وَ مَتَاعًا اِلٰى حِيْنٍ ﴾

لېكىن بىز رەھمەت قىلغان سەۋەپتىن ۋە ئەسلىدە توختام
قىلغان ۋاقتىغىچە غەرق بىلەن ھالەك قىلمىدۇق، مەلۇم بولدىكى
سۇ پاراخوتى، ئايروپىلان، پويىز، ماشىنا، كېمىلەرگە ئوخشاش
نەرسىلەر بەزى ۋاقىتتا نىجاتقا سەۋەپ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا
ساقلىمىسا ھالاكەتكە ئۇچرىشى مۇمكىن ئىكەن. بۇنىڭغا قارىغاندا
دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نىجاتلىقنى ئاللاھ تائالادىن ئۈمىد قىلماق ۋە
سەۋەبكە يۆلەنمەسلىك لازىم.

﴿ وَ اِذَا قِيْلَ لَهُمُ اتَّقُوْا مَا بَيْنَ اَيْدِيْكُمْ وَمَا خَلْفَكُمْ لَعَلَّكُمْ
تُرْحَمُوْنَ ﴾

ۋاقتىكى ئۇل ئەھلى مەككىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ
ئازابىدىن قورقۇڭلار ۋە ئىمان ئېيتىپ ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل
قىلىڭلار دۇنيانىڭ زىننەتلىرىگە مەغرۇر بولماڭلار، شايەتكى ئاللاھ
تائالانىڭ رەھمىتىگە ئۇچرىغايسىز.

﴿ وَمَا تَاْتِيْهِمْ مِنْ اٰيَةٍ مِنْ اٰيٰتِ رَبِّهِمْ اِلاَّ كَانُوْا عَنْهَا مُعْرِضِيْنَ ﴾

ۋە ئۇلارغا پەيغەمبەرنىڭ تەستىقى ئۈچۈن ئۆز پەرۋەردىگارى
تەرىپىدىن بولغان مۆجىزىلەردىن ھېچبىر مۆجىزە كەلمەيدۇ، ئەگەر
كەلسە ئۇل مۆجىزىدىن يۈز ئۆرۈيدىغان يەنى ئىتراز قىلدۇرغان
بولدىلەر. بۇ ئايەت ھەر زامانكى ھەقدىن ئىتراز قىلىپ باتىلغە
ئېرتىكاپ قىلغۇچىلەرگە ھەم شامىلدۇر.

﴿ وَ اِذَا قِيْلَ لَهُمْ اَنْفِقُوْا مِمَّا رَزَقَكُمُ اللّٰهُ قَالَ الَّذِيْنَ كَفَرُوْا لِلَّذِيْنَ

امَنُوْا اَنُطْعِمُ مَنْ لَّوْ يَشَاءُ اللّٰهُ اَطْعَمَهٗ اِنْ اَنْتُمْ اِلاَّ فِىْ ضَلٰلٍ مُّبِيْنٍ ﴾

ۋاقتىكى ئۇ ئەھلى مەككىلەرگە مۆئمىنلەر تەرىپىدىن مىسكىنلەرگە پۇل - مېلىڭلارنىڭ زاكاتىنى بېرىڭلار دېيىلسە مۇشرىكلار مىسكىنلەرگە خۇدا خالىسا تائام بېرىدىغان كىشىلەرگە بىز تائام بېرىمىزمۇ؟ خۇدا بەرمىگەن كىشىگە بىز نېمە ئۈچۈن تائام بېرىمىز؟ سىلەر بۇ سۆزۈڭلاردا ئاشكارا گۇمراھلىقتادۇرسىزلەر دەيدۇ. ھەزرىتى ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ تائالا ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى مەككىدە بىر مۇنچە زىندىقلەر بار ئىدى، مىسكىنلەرگە تائام بېرىشكە ئەمر قىلغاندا قەسەمياد قىلىپ خۇدا پېقىر قىلغان كىشىگە بىز نېمە ئۈچۈن تائام بېرىمىز؟ دەيدۇرلەر ھەم بۇ جۈملىدە مەزكۇردۇركى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ تەئەلا ئەنھۇ ھەمىشە مىسكىنلەرگە سەدىقات قىلاتتى، بىر كۈنى ئەبۇ جەھىل يولۇقۇپ قالدى، ئى ئەبۇ بەكرى مۇشۇ مىسكىنلەرگە .خۇدا تائام بېرىشكە قادىر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ دېدى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ تەئەلا ئەنھۇ ئەلۋەتتە قادىر دەپ ئېتىقاد قىلىمەن دېدى; ئەبۇ جەھىل ئېيتتىكى خۇدايىڭ نېمە بولدىكى بۇلارغا تائام بەرمەيدۇر دېدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ تەئەلا ئەنھۇ بىر گورۇھنى بايلىققا دۇچار قىلدى، پېقىرلەرگە خەيرى - ئېھسان بېقىلىشقا بۇيرۇپتۇر يەنە بىر گورۇھنى پېقىرلىققا دۇچار قىلدى، سەۋرى - تاقەت قىلىشقا بۇيرىدى، ئەبۇ جەھىل قەسەم قىلىپ ئېيتتىكى خۇدا بۇلارغا تائام بېرىدۇ دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ۋەھالەنكى خۇدا بەرمەي سەن بەردىڭ سەن ئاشكارا گۇمراھلىقتادۇرسەن دېدى، ئاندىن كېيىن بۇ ئايەت يەنى: ﴿ فَاَمَّا مَنْ اَعْطٰى وَاتَّقٰى وَ صَدَّقَ بِالْحُسْنٰى فَسَنُيَسِّرُهٗ لِلْيُسْرٰى ﴾ دېگەن ئايەت شۇنىڭغا دەلىلدۇر.

﴿ وَ يَقُوْلُوْنَ مَتٰى هٰذَا الْوَعْدُ اِنْ كُنْتُمْ صٰدِقِيْنَ ﴾

مۆئمىنلەر مۇشرىكلارغا: ئىمان كەلتۈرمىسەڭلار، ناماز ئوقۇمىساڭلار، روزا تۇتمىساڭلار، ئۆشرە - زاكات ئادا قىلمىساڭلار قىيامەت كۈنى دوزەخنىڭ ئازابىدىن قايسى جاۋاپ بىلەن قۇتۇلىسىزلەر؟ مۇشرىكلەر: شۇ ۋەدە قاچان بولىدۇر؟ ئەگەر راست

بلسەڭلار ئېيتىپ برىڭلار دەيدۇ.

﴿ مَا يَنظُرُونَ اِلاَّ صَيْحَةً وَّاحِدَةً تَاْخُذُهُمْ وَ هُمْ يَخِصِّمُونَ ﴾

مۇئمنلەر ئۇچۇن ئاللاھ تەئەلا جاۋاپ برىپ ئېيتىدۇركى: ئۇل مۇشرىكلەر ھەزرىتى ئىسراپىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەپىق ئۇچۇن يەنى بىر سۇرە تارتماقلىقتىن باشقا نەرسىگە كۆز تۇتمايدۇر، ئۇ ئاۋازلارنىڭ تۇتمىقى دۇنيا ئىشلىرىدا جەڭگى - جىدەل قىلىشقان ھالەتلىرىدە تۇتىدۇ، يەنى تۇيۇقسىزلا تۇتىدۇ.

﴿ فَلاَ يَسْتَطِيعُونَ تَوْصِيَةً وَّلاَ اِلَىٰ اَهْلِهِمْ يَرْجِعُونَ ﴾

ئاندىن ئۇلار تاپشۇرۇق قىلىشقا كۈچ - قۇۋۋەت تاپالمايدۇر، بەلكى بىر ئاۋاز بىلەن بىردەك ھالەك بولىدۇ.

﴿ وَ نُفِخَ فِي الصُّورِ فَاِذَاهُمْ مِنَ الاَجْدَاثِ اِلَىٰ رَبِّهِمْ يَنسِلُونَ ﴾

ۋە ھەشرە ئۇچۇن ئىككىنچى سۇرە تارتىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇلار قەبرىلىرىدىن پەرۋەردىگارى تەرەپكە ئالدىراشلىق بىلەن چىقىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ سەئىدىل خەزرەجى رەزىيەللاھۇ تائالا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى، ئېيتتى ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: نەدىدۇر غەم ۋە ھال ئۇلكى ھەزرىتى ئىسراپىل .ئەلەيھىسسالام سۇرە تارتىشقا قاچان پەرمان بولۇر دەپ قۇلاق تىكىپ ئېگىشىپ تۇرىدۇر دىدى. ساھابى ئىكراملار يا رەسۇلۇللا سۇرنى بىزگە بايان قىلىپ بەرسىلەر دىدى، ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى: سۇرە تارتىلغان ۋاقتىدا سۇرنىڭ ھەيۋىتىدىن ۋە قورقۇنجىسىدىن زېمىنلەر ھەرىكەتكە كېلىدۇ ۋە تاغلار تورغاقتا ئوخشاش توزۇپ كېتىدۇ. تامام دەريالار بىر بولۇپ قايناپ زېمىندە سۇ قالمايدۇ، بالا ئېمىتكۈچى خوتۇننىڭ بالىسى قولىدىن يەرگە چۇشۇپ كىتىدۇ، ھامىلدار خوتۇنلارنىڭ ھامىلىسى چۇشۇپ كىتىدۇ، خالايىقلەر مەست - مەستەغرەق بولىدۇ، ياشلار قېرىپ كىتىدۇ، ئەرشنى كۆتۈرگۈچى جىبرائىل، مىكائىل، ئىسراپىل، ئەزرائىل ئەلەيھىسسالامدىن باشقا تامامى پەرىشتىلەر ۋە تامامى مەخلۇقلەر قەبزى روھ بولىدۇر. ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ 3 پەرىشتە مۇقەررەدىپ ھەم قەبزى روھ بولىدۇ، ئەرشى مۇئەللەق قالىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام

ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆزىنىڭ روھىنى قەبزى روھ قىلىدۇ، ئاسمان - زېمىندە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ مەخلۇق قالمايدۇ، ئانداغىكى جانابى ئاللاھ تەئەلا ئېيتتىكى: ﴿ كُلُّ عَلَيْهَا فَانٍ وَ يَبْقَىٰ وَجْهُ رَبِّكَ ذُوالْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ ﴾

ئاندىن كېيىن جانابى ئاللاھ تەئەلا: ﴿ لِمَنِ الْمُلْكُ الْيَوْمَ ﴾

يەنى پادىشاھلىق بۇگۈنكى كۈندە كىمگە خاستۇر دەيدۇ، جاۋاپ بەرگۈچى يوق ئۆزى جاۋاپ بىرىپ ئېيتىدۇركى:

﴿ لِلّٰهِ الْوَاحِدِ الْقَهَّارِ ﴾ يەنى تامامى پادىشاھلىق بىر قەھرى قىلغۇچى ئاللاھ ئۇچۇندۇر دەيدۇ، ئاندىن كېيىن مەن تامامى پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، قېنى پادىشاھلەر ۋە زالىملار؟ ۋە مەن بەرگەن رىزىقنى يەپ تۇرۇپ بۆتقا ئىبادەت قىلغۇچىلار قېنى؟ دەيدۇر، ئاندىن كېيىن دۇنيا 40 يىل باقى قالىدۇ، جانابى ئاللاھ تائالا بىزلەرنى تىرىلدۇرۇشنى ئىرادە قىلغان ۋاقىتتا ئابى خىنا ئاتلىق سۇيى ئابى مەنىگە ئوخشايدىغان بىر دەريانى يارىتىپ زېمىنگە 40 كۈن يامغۇر ياغدۇرىدۇ. ئاندىن تامامى جەسەتلەر زېمىندىن گىياھ ئۈنگەندەك قەبرىلىرىدىن چىقىدۇ. ئىنسانىنىڭ دوغۇر ئۇستىخىنى يەنى سۇڭىكى چىرىپ كەتمەيدۇ، قالغان ئۇستىخانلار چىرىپ كىتىدۇ، جەسەتلەر ئۇشبۇ دوغۇر ئۇستىخاندىن مۇرەككەپ قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرلەر، ۋەلىلەر، شەھىدلەرنىڭ جەسەتلىرى چىرىمەيدۇ، يەنە ھەدىس شرىفتا كەلتۈرۈپتۇرلەركى: مەھشەرگاھنى شام شرىپتە بولىدۇ، تامامى خالايىقلەر تىرىلىپ بولغاندا جانابى ئاللاھ تائالا خالايىقلەرنى ھەيدەش ئۈچۈن ئەتراپلىرىدىن ئوتلارنى ئەۋەتىدۇ، مەغرىپتىن - مەشرىققىچە تامامى خالايىقلەرنى مەھشەرگاھ تەرەپكە ھەيدەيدۇ، دۇنيادا ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارغا قىلغان ياخشىلىق ئەملى بىر مەركەب بولۇپ ئۇلاغ بولۇپ مىنىپ ماڭىدۇ، ياخشى ئىش، ياخشى ئەمەل قىلمىغانلار بەلكى دۇنيادا قىلغان يامان ئەمەللىرىنى گۇناھلىرىنى بىر تۇلۇم سۈرىتىدە قىلىپ شۇ تۇلۇمنى كۆتۈرگەن ھالەتتە بەزىسى پۇتى بىلەن، بەزىسى يۈزى بىلەن، بەزىسى قولى بىلەن ماڭىدۇ. ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىلەركى: مىنىڭ ئۇممىتىم 10 تۈرلۈك ھەشرە قىلىنىدۇ (1) گوروھ مايمۇننىڭ سۈرىتىدە ھەشرە قىلىنىدۇ، بۇلار

گەپ- سۆز تۇشۇپ چېقىمچىلىق قىلغۇچىلاردۇر. (2) توڭگۇزنىڭ سۈرىتىدە ھەشرە قىلىنىدۇ، بۇلار ھارام يېگۈچىلەردۇر. (3) بېشى تۆۋەن ئايىغى ئۈستۈن ھەشرە قىلىنىدۇ، بۇلار جازانىخورلاردۇر. (4) بەزىلەر گاچا- گاس ھالەتتە ھەشرە قىلىنىدۇ، بۇلار قىلغان ئەمەللىرىدىن پەخىرلىنىپ مەغرۇرلانغۇچىلاردۇر. (5) بەزىلەر قارىغۇ ھالەتتە ھەشرە قىلىنىدۇ، بۇلار ئەدلى- ئادالەت قىلماي ناتوغرا ھۆكۈم قىلغۇچىلاردۇر. (6) بەزىلەر تىللىرىنى چايناپ، تىللىرى كۆكسىگە چۈشكەن ۋە ئېغىزلىرىدىن قان يىرىڭ زەرداپ ئاققان ھالەتتە ھەشرە قىلىنىدۇ، بۇلار سۆزلىرىگە ۋە ئەمەللىرىگە مۇخالىپ بولغان ئالىملاردۇر. (7) بەزىلەر قول- پۇتلىرى كېسىلگەن ھالەتتە ھەشرە قىلىنىدۇ، بۇلار خۇلۇم- خوشنىلىرىغا ئازار بەرگۈچىلەردۇر. (8) بەزىلەر ئوتلۇق دارغا ئېسىلغان ھالەتتە ھەشرە قىلىنىدۇ، بۇلار ئىنسانلارنى چاققۇچىلاردۇر. (9) بەزىلەر نىجاسەتتىن بەد پۇراق ھەشرە قىلىنىدۇ، بۇلار نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ پۇل- ماللىرىدىن ئاللاھنىڭ ھەققىنى بەرمىگەن، يەنى ئۆشرە- زاكات ۋە خەيرى- ساخاۋەت قىلمىغانلاردۇر. (10) بەزىلەر قەتران دېگەن زەھەرلىك ئوت دەرەختىن تون كەيدۈرۈلگەن، بۇ تونلەر بەدەنلىرىگە يېپىشقان ھالەتتە ھەشرە قىلىنىدۇ، بۇلار كىبىرى قىلغۇچىلاردۇر. ئاندىن كېيىن ھەممە خالايىقلەر مەھشەرگاھ مەيدانىغا جەم بولغاندا كۈن بىر مىل مىقدارى ياكى نەيزە بويى يېقىن بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاسمان چوغ ۋە قوقاستەك بولىدۇ. خالايىقلارنىڭ ئەتراپىنى ئوت قورشاپ تۇرىدۇ. ئۈستىلىرىدە گۇناھلىرىنى كۆتۈرگەن ۋە كۈننىڭ ئىسسىقلىرى باشلىرىغا چۈشكەن ھالەتتە، بەزىلىرى تىزىغىچە ۋە بەزىلىرى كېلىغىچە تەرنىڭ ئىچىدە غەرق بولىدۇ ۋە بەزىلىرى تەرگە چۆمۈپ كېتىدۇ. ئىنسانلاردىن چىققان تەرلەر زېمىنغا 70 گەز مىقدارى سىڭىپ كېتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئەرشنىڭ سايىسىدىن باشقا جايدا سايە بولمايدۇ، شول سايىدىن 7 تائىپە كىشىگە سايە بېرىلىدۇ. شۇ 7 تائىپە كىشى شول سايىنىڭ تېگىدە بولىدۇ. (1) ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم سۈرگەن پادىشاھ. (2) ياش ۋاقتىدىن تارتىپ ئاللاھقا قۇللۇق قىلغۇچىلەر. (3) ھەمىشە مەسچىتلەرنى دوست تۇتقۇچىلەر. (4) بىر- بىرىنى ئاللاھ ئۈچۈن دوست تۇتقۇچىلەر. (5) ئۆشرە-

زاكات ۋە خەيرى ـ ساخاۋەت قىلغۇچىلەر. (6) زىنادىن قاچقۇچىلەر. (7) ئەتە ـ ئاخشامدا ئاللاھدىن قورقۇپ ياش تۆككۈچىلەر. قالغان خالايىقلەر مەھشەرگاھتا مىڭ يىل مىقدارى قىززىقچىلىقتا قالىدۇ. ئاندىن كېيىن ھېسابگاھقا بارغۇچە 10 تۈرلۈك مەسىلىدىن سوئال قىلىنىدۇ. (1) ناماز، ئۆشرە ـ زاكاتتىن سوئال قىلىنىدۇ. (2) ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەگەشكەندىن سوئال قىلىنىدۇ. (3) ئاتا ـ ئانا ھەققىدىن سوئال قىلىنىدۇ. (4) بالا ـ چاقا، ئەھلى ئايال ھەققلىرىدىن سوئال قىلىنىدۇ. (5) خىزمەتچىلار ھەققىدىن سوئال قىلىنىدۇ. (6) بىر تۇققان، خىش ـ ئەقرىبا ھەققلىرىدىن سوئال قىلىنىدۇ. (7) سىلە ـ رەھىمدىن سوئال قىلىنىدۇ. (8) گىنە ئاداۋەتتىن سوئال قىلىنىدۇ. (9) ئەمرى ـ مەئرۇپ، نەھى ـ مۇنكەردىن سوئال قىلىنىدۇ. (10) غەيۋەت ـ شىكايەتتىن، گەپ توشۇش، بوھتان قىلغاندىن سوئال قىلىنىدۇ. ھەر ئادەم دۇنيادا يامان ئىشلاردىن ساقلىنىش بىلەن شول ھەقلەرنى ياخشى، كامىل ئادا قىلغان بولسا ئول 10 ئىشتىن بىر سائەت قالماي ئۆتۈپ كېتىدۇ. مۇنداق قىلمىغانلار ھەر جايدا مىڭ يىلدىن تۇرۇپ قالىدۇ. ئاندىن ئۆلارنىڭ نامى ـ ئەئمالى يېزىلغان دەپتەرلەر ئېچىلىدىغان جايغا ھەيدىلىدۇ. تارازا مىزاننىڭ ئورنى ئەرشنىڭ ئالدىدادۇر. تارازا مىزاننىڭ ئوڭ تەرىپىدە جەننەتنىڭ پەرىشتىلىرى تۈرلۈك كىيىم ـ كېچەك ۋە بۇراقلار بىلەن تۇرىدۇ. تارازا مىزاننىڭ سول تەرىپىدە دوزاخنىڭ ئازاپ پەرىشتىلىرى بىر مۇنچە زەنجىر، ئوق ـ ئىشكەللەر بىلەن تۇرىدۇ، ھەممە خالايىقلەر تارازا مىزاننىڭ قېشىدا گۇناھ ساۋابلىرىنى كۆتۈرگەن ھالەتتە تۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئى خالايىقلەر مىزان تەرەپكە قاراڭلار، پالانىنىڭ ئوغلى پالانىنىڭ ئەملى تارتىلىدۇ دېگەن ئاۋاز كېلىدۇ. ھەر ئادەمگە گۇناھ مەسىيەتتىن توشقۇزۇلغان 99 دەپتەر باردۇر، بۇ دەپتەرنىڭ ئۇزۇنلىقى كۆز يەتمەيدىغان ھالەتتىدۇر، بۇ دەپتەرلەرنى كۆتۈرگەن ھالەتتە مىزان تەرەپكە كېلىدۇ. ئاندىن كېيىن جانابى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن: ئى بەندىلىرىم مۇشۇ دەپتىرىڭلاردىكى گۇناھلەرغا ئىنكار قىلامسىزلەر ياكى كىرامەن ـ كاتىبىن خاتا يېزىپ قويۇپتۇمۇ؟ دەپ نىدا كېلىدۇ، بەندىلەر ھەرگىز خاتا يېزىلماپتۇ، بۇ گۇناھلەرنىڭ ھەممىنى بىز دۇنيادا قىلغاندۇرمىز،

ئۆزىمىز قىلغان، ئەمدى ئىنكار قىلىشقا چارىمىز يوق دەپ تۇرىدۇ،
ئاندىن كېيىن جانابى ئاللاھ تائالا: ئى بەندىلىرىم مېنىڭ نەزىرىمدە
بىر ياخشىلىقلار باركى بۇ كۈندە سىزلەرگە زۇلۇم قىلمايمەن دەپ
بىر ئەڭگۈشتەر مىقدارى أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَ أَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُوْلُهُ
يېزىلغان قەغەزنى چىقىرىپ ئېيتىدۇركى: ئى بەندىلىرىم دۇنيادا بۇ
كەلىمىدىن ئۆلگۈچە ئايرىلمىدىڭلار، بۇ كۈندە مەن ھەم
سىزلەردىن ئايرىلمايمەن ۋە سىزلەرگە زۇلۇم قىلمايمەن دەيدۇر.
ئاندىن كېيىن مەزكۇر دەپتەرنى تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە ۋە شول
كەلىمە يېزىلغان قەغەزنى بىر پەللىسىگە قويسا ئول قەغەز ئېغىر
كېلۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ھەبىبىنىڭ ئىسمى بولغىنى
ئۈچۈن ئالىي ۋە كاتتىدۇر. بۇ ئىككى ئىسمدىن كاتتا ھېچ
نەرسە يوقتۇر، ھەزرىتى ئائىشە سىددىق رەزىيەللاھۇ تائالا ئەنھۇما:
يا رەسۇلۇللاھ قىيامەت كۈنى خالايىقلەر بالا چاقىلىرىنى ياد قىلامدۇ؟
دېدى، پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بەزى ياد
قىلىدۇ دېدى، ئەمما 3 جايدا ياد قىلالمايدۇ دېدى. (1) دەپتەر
نامى ئەمەللىرىنى ئوقۇغان ۋاقتىدا. (2) ئەمەللىرىنى تارا مىزانغا
سالغان ۋاقتىدا. (3) پىلسىراتتىن ئۆتكەن ۋاقتىدا، ھەر كىشى
مۇشۇ ۋاقتىدا ئۆز ئەھۋالى بىلەن بولىدۇ دېدى. ئاندىن كېيىن
پەرىشتىلەر كېلىپ خالايىقلەرنى سىرات كۆۋرۈك ئۈستىگە
ھەيدەيدۇ، سىرات كۆۋرۈك جەھەننەمنىڭ يەنى دوزاخنىڭ ئۈستىگە
قويۇلغاندۇر. قىلىچتىن ئىتتىك، قىلدىن ئىنچىكىدۇر، جەھەننەم
يەنى دوزاخنىڭ ئوتى يالقۇنلاپ تۇرىدۇ، سىرات كۆۋرۈك ئۈستىدە
سۇئال ئۈچۈن توختىلىدىغان نەچچە جاي باردۇر، سىرات كۆۋرۈكىنىڭ
ئۇزۇنلىقى 3 مىڭ يىللىق يولدۇر. مىڭ يىللىقى ئېگىز، مىڭ
يىللىقى پەس، مىڭ يىللىقى تۈزدۇر، ھەر تۇرۇندا بىر نەرسىدىن
سوئال قىلىنىدۇ. (1) ئىماندىن سوئال قىلىنىدۇ. (2) نامازدىن
سوئال قىلىنىدۇ. (3) روزادىن سوئال قىلىنىدۇ. (4) ھەجدىن
سوئال قىلىنىدۇ. (5) ئۆشرە ـ زاكاتتىن سوئال قىلىنىدۇ. (6)
تاھارەت ۋە غۇسلى ـ جىنابەتتىن سۇئال قىلىنىدۇ. (7) جەبرى ـ
زۇلۇمدىن سوئال قىلىنىدۇ. بۇ ئىشلاردىن ئەمەل قىلىشتا تولۇق ئادا
قىلغانلار پىلسىراتتىن تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئادا قىلمىغانلار ھەر جايدا
مىڭ يىل مىقدارى تۇرىدۇ، كەمچىلىك ئۆتكۈزمەي ئۆز جايىدا ئادا

قىلغان كىشىلەر بىر سائەتتە ئۆتۈپ كېتىدۇ. سىرات كۆۋرۈك ئۈستىگە ئاۋۋالقى مەرتىدە ھەزرىتى سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىلسىرات ئۈستىدە تۇرۇپ: خۇدايا ئۈممەتلىرىمنى سالامەت قىلغىن دەيدۇر، ئاندىن خالايىقلەر ئەمىر قىلىنىدۇ، بۇ ۋاقىتدا پەرىشتىلەر بىر مۇنچە بايراقلارنى كەلتۈرۈپ ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەمدۇ- سانانىڭ بايرىقىنى بېرىدۇ. بۇ بايراقتا 3 سەترە خەت باردۇر. بىرىنچىسى: بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ.

ئىككىنچىسى: اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعٰلَمِيْنَ.

ئۈچۈنچىسى: لاَ اِلٰهَ اِلاَّ اللهُ مُحَمَّدٌ رَسُوْلُ اللهِ.

ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ بايراقنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ، قالغان پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلەر، شەھىدلەر، سادىقلەر بۇ بايراقنىڭ تېگىدە ماڭىدۇ، ئاندىن كېيىن پەرىشتىلەر ھەر خىل كىيىم- كېچەك، تاج ۋە بايراقلارنى كەلتۈرىدۇ، ئاندىن سابىقۇنلەر قېنى؟ دەپ نىدا قىلىدۇ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ تائالا ئەنھۇ: لەببەيكە دەپ كېلىدۇ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ تائالا ئەنھۇغا سادىقلەرنىڭ بايرىقىنى بېرىدۇ، بۇ بايراقنىڭ تېگىدە مۇھاجىرلەر، سىددىقلەر ماڭىدۇ. ئاندىن ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ تائالا ئەنھۇغا بىر بايراق بېرىلىدۇ. بۇ بايراقنىڭ تېگىدە ئەنسارلار، ئەدلى ئادالەت قىلغۇچىلەر، ئەمرى- مەئرۇپ، نەھى- مۇنكەر قىلغۇچىلەر ماڭىدۇ. ئوسمان رەزىيەللاھۇ تائالا ئەنھۇغا بىر بايراق بېرىلىدۇ، بۇ بايراقنىڭ تېگىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچى قارى قۇرئانلار ماڭىدۇ، ئەلى شاھى مەردانغا بىر بايراق بېرىلىدۇ، بۇ بايراقنىڭ تېگىدە غازىلەر ماڭىدۇ، شەھىدلەرنىڭ بايرىقىنى ئىمامى ھەسەن، ئىمامى ھۈسەينگە بېرىلىدۇ، باشقا ئەزالەر ئارقىدىن ماڭىدۇ. ئاندىن مۇشۇ تەرتىپتە ئەھلى جەننەتلەر 320 بايراق بىلەن ماڭىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى 320 ئەھكامدۇر. ئاندىغكى ئايەتتى ئاللاھ تائالا:

﴿وَسِيْقَ الَّذِيْنَ اتَّقَوْا رَبَّهُمْ اِلَى الْجَنَّةِ زُمَرًا﴾

ئاندىن پەرىشتىلەرنى بۇيرۇپ فىرئەۋننى ئېلىپ كېلىپ بېشىغا ئوتتىن تاج كىيدۈرۈپ زالىم مۇتەكەببىرلەرگە باش قىلىپ جەھەننەم تەرەپكە ھەيدەيدۇ، ئاندىن تامامى دوزىخلارنى ئۆز

باشلىقنى چاقىرىپ ئالدىغا سېلىپ جەھەننەمگە ھەيدەيدۇ، ئانداغىكى جانابى ئاللاھ تائالا: ﴿ يَوْمَ نَدْعُوا كُلَّ أُنَاسٍ بِإِمَامِهِمْ ﴾

ھەممە خالايىقلەر سىرات كۆۋرۈكى ئۈستىگە ئۆتكەندە:
﴿تُبَدَّلُ الْأَرْضُ غَيْرَ الْأَرْضِ ﴾

ئايەت كەرىمنىڭ مەزمۇنىچە دۇنيانىڭ ئاسمان - زېمىنى بىر نان قىلىپ زېمىننى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان بىلىق بىلەن كالىنى ئېزام قىلىپ سىراتتىن ئۆتۈپ بولغاندا جانابى ئاللاھ تائالا ئەھلى جەننىتلەرگە زىياپەت قىلىدۇر، ئاندىن كېيىن ئاخىرەتنىڭ ئاسمىنى قۇرىلىدۇ، ئۆلۈمنى ئاللاھ تائالا قوچقارنىڭ سۈرىتىدە قىلىپ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ھەزرىتى يەھيا ئەلەيھىسسالام بېھىش دوزاخ ئوتتۇرىسىدا بوغۇزلايدۇر، ئاندىن كېيىن ئۆلۈش يوقتۇر، ھەممە كىشى ئۆز ئەھۋالى بىلەن باقى قالىدۇ.

﴿ قَالُوا يَاوَيْلَنَا مَنْ بَعَثَنَا مِنْ مَرْقَدِنَا هَٰذَا مَا وَعَدَ الرَّحْمَٰنُ وَصَدَقَ الْمُرْسَلُونَ ﴾

مۇشرىكلەر ئازابنى كۆرگەندە ۋە ئى ھالاكەت ئۇخلايدىغان جايىمىزدىن كىم ئويغاتتى؟ مۇشۇ قوزغالماق دۇنيادا ئاللاھ ۋەدە قىلغان، پەيغەمبەرلەر راست ئېيتقان نەرسىلەردۇر دەيدۇرلەر، يەنى ئول ۋاقىتىدا ئىقرار قىلىش پايدا بەرمەيدىغان ۋاقىتىدا قىيامەت ھەشرە - نەشرىلەرنىڭ راستلىقىغا ئىقرار قىلدۇرلەر، ھەزرىتى ئابدۇللا ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ تائالا ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندى: ئىككى سۈرنىڭ ئارىسىدا جانابى ئاللاھ تائالا مۇشرىكلاردىن ئازابنى كۆتۈرىۋېتىدۇ، قەبرىلىرىدە ئۇخلايدۇر، تىرىلگەندىن كېيىن قىيامەت كۈننىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ يا ۋەيلا دەيدۇ.

﴿ إِنْ كَانَتْ إِلَّا صَيْحَةً وَاحِدَةً فَإِذَا هُمْ جَمِيعٌ لَدَيْنَا مُحْضَرُونَ ﴾

بولمىدى ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىدىن چىقمىقى مگەر ئىسراپىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەشرى نەشرى ئۈچۈن بىر سۈرە تارتمىقى بىدس بىنەگاھ ھېساب ئۈچۈن ئۇلار دەرگاھىمىزغا ھازىر قىلىنغۇچىدۇر.

﴿ فَالْيَوْمَ لَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْئًا وَلَا تُجْزَوْنَ إِلَّا مَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ ﴾

بۈگۈنكى كۈندە ھېچ بىر كىشىگە قىلچىمۇ زۇلۇم

قىلىنمايدۇ، ياخشى - يامان ئەمەللىرىڭلاردىن ئۆزگىنى جازالانمايسىلەر، يەنى جانابى ئاللاھ تائالا بىر كىشىگە گۇناھسىز ئازاب قىلمايدۇ ۋە تائەتكە ساۋاب بەرمەي قالمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئادەم پەرزەنتىگە ئەقىل، پەم، ئىدراكنى بېرىپ

﴿ فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ وَ مَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ ﴾

مەزمۇنى: بىرلە دۇنيادا قىلغان ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىنى ئەگەر ئاز مىقداردا بولسا ھەم قىيامەتتە نامى ئەئمال دەپتىرىگە يېزىپ كۆرىدۇر، مۇۋاپىق جازا بېرىلىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا ناھەق جازا بەرمەيدۇر. ليس بظلام للعبيد.

دىگەن سۆپتى بىلەن مەزمۇنىغا ئىگەدۇر.

﴿ اِنَّ اَصْحٰبَ الْجَنَّةِ الْيَوْمَ فِىْ شُغُلٍ فٰكِهُوْنَ ﴾

بىتەھقىق ئەھلى جەننەتلەر شۇ كۈندە بىر مەشغۇللۇقتا لەززەت ئالغۇچىدۇر، يەنى جەننەتتە جانابى ھەزرىتى ھەق سۇبھانە ۋەتائالانىڭ جامالىنى كۆرۈپ ئاللاھنىڭ زىياپىتىدە بولغۇچىدۇر.

﴿ هُمْ وَ اَزْوَاجُهُمْ فِىْ ظِلٰلٍ عَلَى الْاَرَآئِكِ مُتَّكِـُٔوْنَ ﴾

ئۇل جەننەتكە كىرگەن كىشىلەر ئۆلارنىڭ خوتۇنلىرى خۇدايى تەئەلانىڭ نۇرىدىن چۈشكەن سايىلەردە كارۋاتلانىڭ ئۈستىدە بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرغۇچىدۇر. جەننەتتە ھەر بىر ئادەمگە 80 خىزمەتكار، 72 ھۆر خوتۇن، ئىككى نەپەر دۇنيانىڭ سالىھ خوتۇنلىرى ھۆرلەر قاتارىدا بولىدۇ، لېكىن دۇنيادا ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلغان سەۋەبتىن ھۆرلەردىن ئەۋزەلدۇر دەپدۇرلەر. ئەھلى جەننەتلەر مەرۋايىتتىن بولغان چېدىرلارنىڭ ئىچىدە خوتۇنلىرى بىلەن خىلۋەتتە بولۇرلەر، ئۇل خوتۇنلەر ھەمىشە قىزلىق ھالەتتە بولۇر، ياشتا باراۋەردۇر، ئەرلىرىگە ئامراقتۇر، سۈزۈكلۈكتە ئىلىكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇدۇر، ئەگەر بىرسى دۇنياغا قاراپ قويسا دۇنيانى يورۇتىدۇ دەپتۇرلەر.

﴿ لَهُمْ فِيْهَا فَاكِهَةٌ وَّ لَهُمْ مَا يَدَّعُوْنَ ﴾

ئاززۇسى جانابى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېيتىلدۇرغان سالامدۇر، يەنى ئاللاھ تائالا پەزلى قەزا ئۇچۇن چۈشكەندە ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يا ئەھلى جەننەتلەر دەيدۇرغان كالامى مۇبارەكتۇر، ھەزرىتى جابىر ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىپ ئېيتتىلەركى: ئەھلى جەننەتلەر نېمەتلەر ئىچىدە تۇرغاندا ناگاھ بىر نۇر كۆرۈندۇ، باشلىرىنى كۆتۈرۈپ قارىسا جانابى ئاللاھ تائالا ئۈستىلىرىگە كىلىپ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يا ئەھلى جەننەتلەر دەيدۇر.

﴿ سَلَـٰمٌ قَوْلاً مِّن رَّبٍّ رَّحِيمٍ ﴾

نىڭ مەنىسى شۇدۇر، ئاندىن كېيىن جانابى ئاللاھ تائالا بۇلارگە نەزەر قىلىدۇر، ئۇلارمۇ ھىچ قانداق نېمەتكە قارىماستىن ئاللاھ تائالاغىلا قارايدۇ، جانابى ئاللاھ تائالانىڭ مۇشاھىدە لەززىتى بىلەن تامام نېمەتلەرنى ئۇنتۇپ نەزىرى ئاللاھ تائالا ھىجابىدا بولۇر، ئاندىن كېيىن ئاللاھ تائالانىڭ نۇرى ۋە بەرىكىتى ئەھلى جەننەتلەرگە باقى قالىدۇر دىدى، مەلۇم بولدىكى جەننەت زېمىنى جانابى ئاللاھ تائالانىڭ نۇرى بىلەن يورۇيدۇ.

وَ اَشْرَقَتِ الْاَرْضُ بِنُوْرِهَا مۇنىڭغا ئىشارەتتۇر جەننەتتە ئاي، كۈن بولمايدۇر.

لاَ يَرَوْنَ فِيهَا شَمْسًا وَّ لاَ زَمْهَرِيرًا ئايەت كەرىمى بورھاندۇر، ھەزرىتى ئابدۇللا ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ تائالا ئەنھۇمانىڭ رىۋايەتلىرىدە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولغاندىن كېيىن ئەھلى جەننەتلەر سىزلەرگە تەن ـ سالامەتلىك ھەمىشە بولىدۇر، قېرىپ كېتىش يوق، ئۆلۈش يوق، بۇندىن كېيىن سىزلەرگە غەم ئەندىشىلەر يوق، ھەر دائىم ھەمىشە خەيرى ـ بەرىكەتلەر بولىدۇ.

يىمەك ئىچمەك بار، بولغايەت سىيىش ۋە چوڭ تاھارەت قىلىش يوق تۈكۈرۈك ۋە بەلغەم، ماڭقا، پىت ۋە بۈرگە، كىرلەر بولمايدۇر، تىنغان تىنىقلەر، زىكرى ـ تەسبىھ ۋە تەرلىگەن تەرلەر ئىپار ـ ئەنبەردىن خۇشبۇيدۇر، ئەزالىرىڭلاردا قاش، كىرپىك ۋە چاچلاردىن باشقا تۈك بولمايدۇر دەپتۇر، نىدا كىلۇر، ئەھلى جەننەتلەر ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىدە ئۈزۈنلىقى 60 گەز

توغرىسى 7 گەز، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشىدا 33 ياش، چىرايلىقلىقتا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايلىقلىقىغا ئوخشاش، ئاۋازى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىدەك، ئەخلاقى مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقىغا ئوخشاش بولۇر دەپتۇرلەر، ھەزرىتى ئىبنى سەئىدىل خەزرەجى رەزىيەللاھۇ تەئەلا ئەنھۇمانىڭ رىۋايەتلىرىدە: ئەھلى جەننەتلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ناچارراقى مەرۋايىتتىن بولغان 72 گۈمبەزدۇر، ھەر گۈمبەزدە قىزىل ياقۇتتىن بولغان كارۋاتلار باردۇر، ھەر كارۋاتتا تاۋار دۇردۇندىن بولغان كۆرپىلەر باردۇر، ھەر كۆرپىنىڭ ئۈستىدە بىردىن ھۆرلەر باردۇر، ھەر ھۆرنىڭ ئۈستىدە 70 قات كىيىم باردۇر، ئۇستىخانلىرى ئىچىدىكى ئىلىكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇر، ئەگەر شۇ ھۆرلەردىن بىرى دۇنياغا نەزەر تاشلىسا ھەر ئايىنىكى دۇنيانى يورۇتۇۋاتىدۇ ۋە خوشپۇراققا توشقۇزىدۇر.

﴿ وَامْتَازُو الْيَوْمَ اَيُّهَا الْمُجْرِمُوْنَ ﴾

جانابى ئاللاھ تائالا ھېسابتىن كېيىن: ئى مۇشرىكلەر بۇ كۈندە مۆئمىنلەردىن ئايرىلىڭلار دەيدۇر، يەنى سىزلەر دۇنيادا قەبرىدە، ئەرساتتا بىرگە بولدۇڭلار، ئەمدى بۇ مۆئمىنلەردىن ئايرىلىڭلار، بارار جايىڭلار دوزاختۇر، مۆئمىنلەرنىڭ جايى جەننەتتۇر، بۇلارنى ئەمدى سىلەر كۆرەلمەيسىلەر دەيدۇ.

﴿ اَلَمْ اَعْهَدْ اِلَيْكُمْ يَا بَنِيْ اٰدَمَ اَنْ لاَّ تَعْبُدُوا الشَّيْطٰنَ اِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِيْنٌ. وَّ اَنِ اعْبُدُوْنِيْ هٰذَا صِرَاطٌ مُّسْتَقِيْمٌ ﴾

ئى ئادەم باللىرى سىزلەر شەيتان مەلئۇنگە ئەگەشمەڭلار، شەيتان سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭلا ئىبادەت قىلىڭلار، مۇشۇ توغرا يولدۇر دېمىدىممۇ؟

﴿ وَ لَقَدْ اَضَلَّ مِنْكُمْ جِبِلاًّ كَثِيْرًا اَفَلَمْ تَكُوْنُوْا تَعْقِلُوْنَ ﴾

ۋە ھەر ئايىنە ئول شەيتان سىزلەردىن تولا جامائەتلەرنى ئازدۇردى، ئايا بەس ئويلىمىدىڭلارمۇ؟ سىزلەردىن بۇرۇن بىر مۇنچە ئۈممەتلەر شەيتانغا ئەگەشكەن سەۋەبتىن قانداق ھالاك بولدى، خىيال قىلمىدىڭلارمۇ؟ شايەتكى بۇلاردىن ئىبرەت ئېلىپ شەيتانغا

ئەگەشمەس ئىدىڭلار دەيدۇر، مۇشرىكلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولىدۇ، ئاندىن خازىنى دوزاخ كىلىپ مۇشرىكلەرنى مۆئمىنلەردىن ئايرىپ دوستىنى دوستىن، ئاتىنى بالىدىن، ئەرنى خوتۇندىن، بىر تۇغقاننى بىر تۇغقاندىن ئايرىيدۇلەر، بۇلار يىغلىشىپ زارۇ- تەزەررۇئ قىلىپ يىغلاپ ۋاۋەيلا ۋاۋەيلا ۋا ھەسرەتا ۋەندامەتا ۋە پۇشەيمەنا دىيىشىدۇ. ئۇلار ئى خازىنى دوزاخ بىر- بىرىمىز بىلەن رازىلىشىۋالغۇچىلىك مۆھلەت بەرگىن دەيدۇر، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىزنى بېرىلىدۇ، ئاندىن كېيىن بىر- بىرىنىڭ گەردەنلىرىگە قول سېلىشىپ يۆزنى- يۆزىگە قويۇشۇپ يىغلىشىدۇ؛ بەزى بىھۇش بولۇپ، بەزى ھۇشىغا كىلىدۇ. ئاندىن كېيىن بىر- بىرىڭلاردىن ئايرىلىڭلار دېگەن ندا كىلىدۇ. ئەھلى جەننەتلەر ئوڭ تەرەپتىكى يولغا ئەھلى دوزاخلەر سول تەرەپتىكى يولغا ماڭىدۇ. كَمَا قَالَ اللهُ تَعَالىٰ فَرِيْقٌ فِى الْجَنَّةِ وَ فَرِيْقٌ فِى السَّعِيْرِ.

﴿ هٰذِهِ جَهَنَّمُ الَّتِيْ كُنْتُمْ تُوْعَدُوْنَ. اِصْلَوْهَا الْيَوْمَ بِمَا كُنْتُمْ تَكْفُرُوْنَ ﴾

مۇشرىكلەر دوزاخقا يېقىن كەلگەندە مۇشۇ سىزلەرگە دۇنيادا ۋەدە قىلىنغان دوزاخ مۇشۇدۇر، كىرىڭلار، بۇ دوزاخ بۇ كۈندە دۇنيادا مۇشرىك بولغىنىڭلارنىڭ سەۋەبى بىلەن دەيدۇر، مۇشرىكلەر شەيتانغا ئەگىشىپ مۇشرىك بولغىنىغا تېنىپ وَاللهِ رَبِّنَا مَا كُنَّا مُشْرِكِيْنَ دېگەندە جانابى ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇركى:

﴿ اَلْيَوْمَ نَخْتِمُ عَلىٰ اَفْوَاهِهِمْ وَ تُكَلِّمُنَا اَيْدِيْهِمْ وَ تَشْهَدُ اَرْجُلُهُمْ بِمَا كَانُوْا يَكْسِبُوْنَ ﴾

بۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىغا مۆھۈر بېسىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قول- پۇتلىرى ئۇلار كەسپى قىلغان ئەمەللىرى بىلەن بىزلەرگە سۆزلەيدۇر ۋە گۇۋاھلىق بىرىدۇر، يەنى ھەر ئەزالەر ئۆزىدىن سادىر بولغان گۇناھ بىلەن سۆزلەيدۇ، ھۆججەت تامام بولغاندا ئاللاھ تائالا خازىنى دوزاخقا: بۇلارنى قاتتىقلىق بىلەن دوزاخقا تاشلىغىن دەپ ئەمر قىلىدۇر، خازىنى دەۋزەخ ئاسيلار ۋە گۇناھكارلارنى 10 مىڭدىن 10 مىڭدىن بىر قولى بىلەن دوزاخقا تاشلايدۇ. بەزىسى

تىزىغچە ۋە بەزىسى بىلىغچە، بەزىسى گېلىغچە ئوتقا چۆمىدۇ، بەزىسىنىڭ ئەزالىرىگە ئوت يامىشىپ كۆيۈپ تۆرىدۇ. بەزىلىرى ئوتقا چۆكۈپ كىتىدۇ. ھەدىس شىرىفتا كەلتۈرۈپتۈركى: دۇنيادا تامامى ئۆمۈر بويى راھەت كۆرگەن ئەھلى دوزىخدىن بىرىنى دەۋزەخكە بىر قېتىملا تاشلاپ چىقىرىپ دۇنيادا سەن راھەت كۆرگەنمۇ دەپ سوئال قىلىنسا ھەرگىزمۇ راھەت كۆرمىدىم دەيدۇر. ئازاپىنىڭ قاتتىقلىقىدىن تامامى راھەتنى ئۇنتۇپ قالىدۇ (تەنبىيە) ئى ئەزىز بۇرادەرلەر، دوزاخنىڭ ئازاب- ئوقۇبىتى ناھايىتى بەك قاتتىقتۇر. دەۋزەخكە كىرگۈچىلەرنىڭ ھالى نىچۇك بۇلىدۇر؟ بىلىڭلاركى ئەگەر ئازاب پەرىشتىسى دۇنياغا بىر قېتىم قارىسا ئەھلى دۇنيا ھەممىسى ھالەك بولىدۇر دەپتۇر، ئەگەر دوزاخنىڭ ئىشىكلىرىدىن بىرىنى دۇنيادىكى تاغلار ئۈستىگە قويۇلسا تاغلار سۇغا سالغان تۇزدەك ئېرىپ كېتىدۇ. ئەگەر دوزاخنىڭ زەھەرلىرىدىن بىر تېمىم دۇنياغا تامدۇرۇلسا دۇنيا٠مەئىشەتلىرىنىڭ ھەممىسى زەھەر- زۇقۇم بولىدۇ، ئەھلى دوزاخنىڭ ئىچىملىكى ئۇشبۇ زەھەر- زۇقۇم بولسا بۇلارنىڭ ھالى نىچۇك بولىدۇ؟ ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئويلىنىپ بېقىڭلارچۇ؟! دوزاخنىڭ سۇپەتلىرىنى سۇپەتلەپ تۈگەتۈش مومكىن ئەمەستۇر، دوزاختا بىر سائەت تۇرۇش نىچۇك مومكىن بولىدۇر، دوزاخ ئوتى ناھايىتى قاتتىقتۇر، ئېيتتى ھەزرىتى رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: دۇنيادىكى ئوتلار دوزاخ ئوتىدىن 70 دىن بىر جۇزئىدۇر، ئول بىر جۇزئىنى 70 مەررە رەھمەت دەرياسىدا چايقاپ دۇنياغا چىقىرىلغاندۇر، ۋە ئەگەر ئەھلى دوزىخلەردىن بىرىنى دوزاختىن چىقىرىپ دۇنيانىڭ ئوتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىسا كامالى راھەتلەنگەنلىكتىن ئىككى يېنىغا ئۆرۈلمەي 70 يىل ئۇخلاپ قالىدۇر دەپتۇر، ئى بۇرادەرلەر ئاللاھ تائالا ئۆز كەرىم لۇتپى بىلەن پاناھ بەرسۇنكى، دوزاخقا تارتىلىدىغان يامان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايلى، غەپلەت داۋاسى ئاستىدا قالمايلى، ئېتىقادىمىزنى كۈچلۈك قىلىپ ئەمەل ئىبادەتلىرىمىزنى قۇرئان ۋە ھەدىسى رەسۇلۇللاھقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ياخشى ئىشلارنى كۆپ تولا قىلىپ، دۇنياغا قول بولۇشنى تاشلاپ دۇنيانى قول قىلىپ، ئاخىرەت سائادىتىنى باشلاپ دوزاخ ئازابىدىن ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشايلى!

﴿ وَلَوْ نَشَاءُ لَطَمَسْنَا عَلَىٰ أَعْيُنِهِمْ فَاسْتَبَقُوا الصِّرَاطَ فَأَنَّىٰ يُبْصِرُونَ. وَلَوْ نَشَاءُ لَمَسَخْنَاهُمْ عَلَىٰ مَكَانَتِهِمْ فَمَا اسْتَطَاعُوا مُضِيًّا وَلَا يَرْجِعُونَ ﴾

ۋە ئەگەر خالىسا ئۇلارنى تۇرغان جايلىرىدا توڭگۇز ۋە مايمۇن سۇرىتىدە قىلۇرمىز، مۆھلەت قىلىشقا ۋە قايتىپ كېلىشكە قادىر بولالمايدۇر، ئاندىن كېيىن بۇرۇنقى ئۆتكەن قەۋملەرنى شۇنداق قىلدۇق ۋە لېكىن بۇلارنى مۇنداق قىلمىدۇق، بۇ ئىككى تۈرلۈك نېمەتكە تەشەككۇر ئەيلەش بىلەن نېمە ئۈچۈن ئىگىسىنى تونىمايدۇر.

﴿ وَمَنْ نُعَمِّرْهُ نُنَكِّسْهُ فِي الْخَلْقِ أَفَلَا يَعْقِلُونَ ﴾

ۋە ھەر ئادەمنىكى ئۇزۇن ئۆمۈر بەرسەك قېرىغاندا ۋۇجۇدىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىمىزكى كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالىدۇ، ئايا بەس ئويلىمامدۇرلەر ئۇلار ئۇل ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئۇشبۇ تەسەررۇپلىرىگە ئىگە بولغۇچى زات ئەلۋەتتە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۇرۇشكە قادىر دەپ، كامىل قۇۋۋىتىمىزگە ئىشىنىشى لازىمدۇر.

﴿ وَمَا عَلَّمْنَاهُ الشِّعْرَ وَمَا يَنْبَغِي لَهُ إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ وَقُرْآنٌ مُبِينٌ ﴾

ئۇل مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە جىنسى شېئىرنى ئۆگەتمىدۇق، شېئىر ئېيتىش لايىق ئەمەستۇر، ئى مەككىنىڭ مۇشرىكلىرى ئەمەس سىزلەرگە شېئىر دېگەن نەرسە مەگەر ئېيتتى جىنلەرگە مۆجىزىلەردۇر ۋە ھالال - ھارامنى بايان قىلغۇچى قۇرئاندۇر. بۇ ئايەت مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەمەس بەلكى شائىر، مەجنۇن ۋە ئېيتقان سۆزى ھەم شېئىردۇر دېگەن سۆزىگە رەددىيە ئۈچۈن چۈشكەندۇر.

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ تائالا ئەنھۇنىڭ رىۋايەتلىرىدە ئابدۇل مۇتەللىبنىڭ ئەۋلادلىرى ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن باشقىسى ئەر- ئايال ھەممىسى شائىر ئىدى، رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى بىرىگىنىڭ قۇرسىقى شېئىرغا توشقاندىن قان يىرىڭغا

توشقنى ئەلۋەتتە ياخشدۇر دېدى، ۋە ئېيتتى جىم تۇرۇش ئىماننىڭ جۇزئى، بىھۇدە سۆز ھېكايە نىفاقنىڭ جۇزئى دېدى، ۋە ئېيتتىلەركى مىئراج كېچىسى ئازاب پەرىشتىسى بىر تائىپە ئادەملەرنىڭ ئاغزىنى قايچا بىلەن كېسىپ تۇرغىنىنى كۆردۈم، ئاندىن ھەزرىتى جىبرائىل ئەلەيھىسسالامدىن سورىدىم: بۇ قانداق تائىپىلەردۇر؟ شائىرلەر دېدى، بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى ئۆمۈرى شەرئىگە ئىگە بولغانلار شائىر بولماسلىقى لازىم، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەر تەنە قىلىنىش بىلەن ئىخلاسى قايتىپ كىتىدۇر. (فائىدە) بىلگىلكى شېئىر ئىككى قىسىم ئىككى نەۋئىدۇر، بىرى مەزمۇندۇر ﴿ وَالشُّعَرَاءُ يَتَّبِعُهُمُ الْغَاوُنَ ﴾

شۇل ئايەت كەرىمنىڭ مەزمۇندۇر يەنە بىرى مەمدۇردۇكى ﴿الاَّ الَّــذِينَ﴾ دېگەن ئايەت ئىستەسنا ئىن ھاسىل بولىدۇ، ئەمما مەزمۇنىنىڭ مىسالى بۇكى ھەرقانداق شېئىرگە ھەقىقىي يوق خىيالات غەزالىيات جۇملىسىدىن ۋە بىراۋنىڭ ئابرويىنى توكۇش، مەدھىيىگە لايىق ئەمەس كىشلەرنى مەدھىيە قىلىش، لايىق كىشلەرنى سۆكۈشكە ئوخشاش نەرسىلەر بولسا مەزمومدۇر. ھەدىس مەزكۇرنىڭ ئەمما مەمدۇھنىڭ مىسالى مەسلەن شېئىر تەلھىد ھەمدۇ- سانا ۋە ئەقىيدات ۋە ئىلھامات ۋە ئىشقىيات ۋە ۋەھدانىيات ۋە مائارىپ لەدۇنى ئەسرلەر جۇملىسىدىن بولسا مەمدۇھدۇر. جەنانچە ئۆلىما ۋە ئارىپلەر تەۋھىد ۋە ئەقىدات ۋە مائارىپ ئىلاھىلەردىن سۆزلىگەن بىتەرىقى نەزمە كىتابلىرى مەشھۇردۇر.

﴿ لِيُنْذِرَ مَنْ كَانَ حَيًّا وَّ يَحِقَّ الْقَوْلُ عَلَى الْكٰفِرِيْنَ ﴾

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇ قۇرئاننى چۈشۈرمىكىمىز مۇئمىنلەرنى ھۆكمنى يەتكۈزۈش بىلەن قورقۇتقايسەن ۋە مۇشرىكلەرگە ئازاپ كەلمىسى ۋاجىپ بولدى دېمەك ئۈچۈندۇر، يەنى ئۇل قۇرئان مۇئمىنلەرگە رەھمەت، مۇشرىكلەرگە ھۆججەتتۇر.

﴿ اَوَلَمْ يَرَوْا اَنَّا خَلَقْنَا لَهُمْ مِمَّا عَمِلَتْ اَيْدِيْنَا اَنْعَامًـا فَهُـمْ لَهَـا

مۇلكۇنَ ﴾

ئۇل مۇشرىكلەر بىلمەمدۇر ۋە كۆرمەمدۇر، شۇنىڭكى بىز ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىمىز پەيدا قىلغان نەرسىدىن ئات، كالا، تۆگە، قېچىر، ئېشەك ۋە قوي، ئۆچكە بۇلاردىن باشقا چاھار پايلارنى يارىتىپ بەردۇق، ئاندىن كېيىن ئۇلار ئۇل چاھار پايلارغە ئىگە بولغۇچىدۇر.

﴿ وَ ذَلَّلْنَا لَهُمْ فَمِنْهَا رَكُوْبُهُمْ وَ مِنْهَا يَاْكُلُوْنَ ﴾

ئۇل چاھار پايلارنىڭ شۇنچە كۆپ قۇۋۋەتى بىلەن تۇرۇقلۇق ئۇلارنى ئېتىقاد يەنى بويى سۇنغۇچى قىلدۇق، قانداق تەسەررۇپ قىلسا بويۇن كەشتى قىلمايدۇر، شۇ سەۋەبتىن بەزىسىنى مىندۇر ۋە بەزىسىنى يەيدۇر.

﴿ وَ لَهُمْ فِيْهَا مَنَافِعُ وَ مَشَارِبُ اَفَلاَ يَشْكُرُوْنَ ﴾

ۋە ئۇلارگە چاھارپايلەردە بىر نەچچە مەنپەئەتلەر باردۇر ۋە ئىچمىلىكلەر باردۇر، يەنى يۇڭ، تېرە، سۈت، قايماق، قېتىقلەردىن كۆپ پايدا ئالدۇرلەر، بەس بۇ نېئمەتلەرنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلمامدۇر، ئەلۋەتتە شۈكرى بىلەن ياراتقان ئىگىسىنى تونۇپ ئىشنىش لازىم ئىدى.

﴿ وَاتَّخَذُوْا مِنْ دُوْنِ اللهِ اٰلِهَةً لَعَلَّهُمْ يُنْصَرُوْنَ ﴾

ئۇل مۇشرىكلەر ئاللاھ تائالادىن باشقا بۇتلارغا ئىبادەت قىلدۇ، ئۇلار نۇسرەت ۋە ياردەم بىرىدۇ دېگەن ئۇمۇد بىلەن، يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن مۇشۇ بۇتلىرىمىز قۇتقۇزىدۇ دېگەن تەمە بىلەن ئۆز خالىقىنىڭ ئىبادىتىدىن يۈز ئۆرىيدۇرلەر.

﴿ لاَ يَسْتَطِيْعُوْنَ نَصْرَهُمْ وَ هُمْ لَهُمْ جُنْدٌ مُّحْضَرُوْنَ ﴾

ئۇل بۇتلەر ئۇلارغا ياردەم بىرىشكە كۈچى يەتمەيدۇر. ۋە ھال ئۇلكى ئۇلار ئۇ بۇتلارنى ساقلاش ئۈچۈن ھازىرلىق قىلغۇچى كىشىلەردۇر، ياكى ئۇل مۇشرىكلەر ئۇل بۇتلارنىڭ ئىبادىتى ئۈچۈن ھازىر بولغۇچىدۇرلەر، ياكى ئۇل بۇتلەر قىيامەت كۈنى مۇشرىكلەر بىلەن دوزاخقا كىرىش ئۈچۈن ھازىرلىق قىلغۇچىدۇر.

﴿ فَلاَ يَحْزُنْكَ قَوْلُهُمْ اِنَّا نَعْلَمُ مَا يُسِرُّوْنَ وَمَا يُعْلِنُوْنَ ﴾

ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېنى مۇشرىكلەرنىڭ شائىر مەجنۇن دېگەن سۆزى غەمكىن قىلمىسۇن، بىز جەزمەن ئۇل مۇشرىكلەرنىڭ دىللىرىدىكى مەخپى ۋە تىللىرىدىكى ئاشكارا قىلغان سۇيىقەستلىرىنى ۋە سۆز- ھەرىكەتلىرىنى، يەنى ئىنكارلىرىنى بىلىپ تۇرىمىز، بۇلارغا ئۆزىمىز خالاپ جازا بېرىمىز. بۇ ئايەت پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تەسەللىي ئۈچۈن چۈشكەندۇر.

﴿ اَوَلَمْ يَرَو الْاِنْسَانُ اَنَّا خَلَقْنٰهُ مِنْ نُطْفَةٍ فَاِذَا هُوَ خَصِيْمٌ مُبِيْنٌ ﴾

ۋە ئايا ئىنساننى ئابى مەنىدىن ياراتقىنىمىزنى بىلمەمدۇ؟ بەس ئۇل ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن قوزغىلىشقا ئىنكار قىلغۇچىدۇر، قىلمىشىدا بىز بىلەن ئاشكارا خۇسۇمەت قىلغۇچىدۇر، يەنى ئەلۋەتتە بىلدى ئويلۇنۇپ تىرىلىشكە ئىنكار قىلماسلىق كېرەك ئىدى.

﴿ وَضَرَبَ لَنَا مَثَلاً وَّ نَسِىَ خَلْقَهُ قَالَ مَنْ يُحْيِ الْعِظَامَ وَ هِيَ رَمِيْمٌ ﴾

ۋە ئۇل ئىنسان بۇنى كىم تىرىلدۈرىدۇ دەپ بىزلەرگە زەربە مىسال قىلدى، ۋە ھەم ئۇلكى ئۆزىنىڭ ئابى مەنىدىن يارىتىلغىنىنى ئۇنتۇپ قالدى، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن مىسالىدىن بۇ ئەجەپراقتۇر. بۇ ئايەت چۈشۈشىنىڭ سەۋەبى رىۋايەت قىلىنىپتۇركى: ئاس ئىبنى ۋائىل دېگەن بىر بەدبەخ بىر چىرىپ كەتكەن سۆڭەكنى پارە- پارە قىلىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ: ئايا ئەي مۇھەممەد، خۇدا مۇشۇ سۆڭەكنى تىرىلدۈرىدۇ دەپ گۇمان قىلامسەن؟ دېدى. ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئارى ئەلبەتتە تىرىلدۈرىدۇ، ئاللاھ سېنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈپ دوزاخقا سالىدۇ دېدى.

﴿ قُلْ يُحْيِيْهَا الَّذِىْ اَنْشَاَهَا اَوَّلَ مَرَّةٍ وَ هُوَ بِكُلِّ خَلْقٍ عَلِيْمٌ ﴾

ئېيتقىل ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇل سۆڭەكنى بۇ زات تىرىلدۈرىدۇركى ئاۋۋال پەيدا قىلدى، بۇ زات ھەر نەرسىنى يارىتىشقا بەكمۇ ئالىمدۇركى سۇدىن ئادەم ياراتتى،

تۇپىدىن ئىچۇك قادىر بولمىسۇن ھىچ قانداق سۇرەتكەش سۇدىن ئادەم ياسىيالمايدۇ، مۇنداق زاتنىڭ ئەلۋەتتە تىرىلدۈرۈشكە شەك قىلىدىغان نەرسە ئەمەس بەلكى يىراق جايلارغا چېچىلىپ كەتسمۇ ھەممىسنى جەمئى قىلىپ ئاۋۋالقى ھالەتتە تىرىلدۈرىدۇ.

﴿ اَلَّذِىْ جَعَلَ لَكُمْ مِنَ الشَّجَرِ الْاَخْضَرِ نَارًا فَاِذَا اَنْتُمْ مِنْهُ تُوْقِدُوْنَ ﴾

ئول زات ئانداق زاتكى، سىزلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن ھۆل دەرەختىن ئوتنى پەيدا قىلىپ بەردى بەس بىنەگاھ سىزلەر ھۆل دەرەختىن داۋام ئوتنى يېقىۋاتىسىزلەر، بۇنداق ھۆل دەرەخنىڭ تەبىئىتىدە ئوتنى قويۇپ ئوت بىلەن سۇنى جەمئىلەپ ئوت ياندۇرسا كۆيىدىغان قىلىپ بېرىشكە كۈچى يەتكۈچى زات چىرىپ يانچىلىپ كەتكەن سۆڭەكتىن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشكە قادىردۇر، ئاللاھ تائالا يۇقارقى خەلقتىن پاتراق خەلقنى بايان قىلىپ ئېيتتيكى:

﴿ اَوَلَيْسَ الَّذِىْ خَلَقَ السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضَ بِقٰدِرٍ عَلٰىۤ اَنْ يَّخْلُقَ مِثْلَهُمْ ﴾

ئەيا ئاسمان - زېمىندىن كاتتا مەخلۇقاتنى ياراتقان زات ئول ئۆلۈكلەرنىڭ زاتىنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟

﴿ بَلٰى وَهُوَ الْخَلّٰقُ الْعَلِيْمُ ﴾

بۇ سوئالغا ئاللاھ تائالا ئۆزى جاۋاپ بېرىپ ئارى ئەلۋەتتە قادىردۇر، ۋە ئول زات تولا نەرسىلەرنى ياراتقۇچىدۇر، تامام خەلقلەرنىڭ ھەقىقەتلىرىنى بىلگۈچىدۇر، بۇ زاتنىڭ بىلىشىدىن ھىچ نەرسە تاشقىرى ئەمەستۇر.

﴿ اِنَّمَا اَمْرُهُ اِذَا اَرَادَ شَيْئًا اَنْ يَّقُوْلَ لَهُ كُنْ فَيَكُوْنُ ﴾

ئول زاتنىڭ ئەمرى بىر نەرسىنى يوقتىن - بار قىلىشنى ئىرادە قىلسا ئەسۋابىن پىكرى خىياللارغا ۋە ياردەمچىلەرگە مۇھتاج بولمايدۇر، بەلكى شۇ نەرسىلەر بولغىل دېسە باراۋەر دەرھال مەۋجۇت بولىدۇ، شۇنىڭكى بولغىل دېمەك باراۋەر ھەممىسى تىرىلىپ قىيام سائەتتە بولىدۇر.

﴿ فَسُبْحٰنَ الَّذِىْ بِيَدِه مَلَكُوتُ كُلِّ شَيْءٍ وَّ اِلَيْهِ تُرْجَعُوْنَ ﴾

بەس ئۇل زات ھەممە ئەيىب ۋە نوقساندىن پاك بولدى، پاك بولماقلىقى بىر زاتكى تامامى نەرسلەرنىڭ ئىگدارچىلىقى شۇ زاتنىڭ ئىلكىدىدۇر. خالىغان كىشىگە ئاتا قىلىدۇر ۋە ھىجاپ ئۆچۈن ئۇل زاتنىڭ تەرىپىگە يەنى ھۇزۇرىگە بارۇرسىزلەر.

وَاللّٰهُ اَعْلَمُ بِالصَّوَابِ. سُبْحَانَ رَبِّكَ رَبِّ الْعِزَّةِ عَمَّا يَصِفُوْنَ وَ سَلاَمٌ عَلَى الْمُرْسَلِيْنَ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعٰلَمِيْنَ. رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا اِنَّكَ اَنْتَ السَّمِيْعُ الْعَلِيمِ. رَبَّنَا لاَ تُزِغْ قُلُوْبَنَا بَعْدَ اِذْ هَدَيْتَنَا وَهَبْ لَنَا مِنْ لَدُنْكَ رَحْمَةً اِنَّكَ اَنْتَ الْوَهَّابُ. رَبَّنَا اِنَّكَ جَامِعُ النَّاسِ لِيَوْمٍ لاَ رَيْبَ فِيْهِ اِنَّ اللّٰهَ لاَ يُخْلِفُ الْمِعَادِ. رَبَّنَا اٰتِنَا فِى الدُّنْيَا حَسَنَةً وَّ فِى الْاٰخِرَةِ حَسَنَةً وَّ قِنَا عَذَابَ النَّارِ.

ئى بىزنى پەرۋىش قىلغۇچى ئاللاھ، بىزگە دۇنيادا ھەممە ياخشى نەرسلەرنى بەرگىن ۋە ئاخىرەتتە ياخشى نەرسلەرنى بەرگىن، بىزنى ئوتنىڭ ئازابىدىن ساقلىغىن.

ھەركى خانەد دۇئا تەمەئدارىم،
چۈنكى مەن بەندەئى، گۇناھكارىم.

ئوقۇپ پايدىلانغۇچى كىشىلىرىمىزگە شۇنى تەۋسىيە قىلىمىزكى، خاتا سەھۋەن جايلىرى بولسا ئەپۇ قەلەملىرى بىلەن ئىسلاھ قىلىپ تۈزۈتۈپ ئوقۇشلىرىغا تىلەكداشمەن. يەنە بىر مەسىلە شۇكى سۈرە ياسىن قۇرئاننىڭ دىلى بولغىنى ئۈچۈن قۇرئاننى تاھارەتسىز تۇتقىلى بولمىغانغا ئوخشاش، ئاددىي ھېكايە كىتابلىرى بىلەن ئوخشاش كۆرۈپ گۇناھقا سازاۋەر بولمىغايسىزلەر.

قىززىق دەرۋازا توختى ئاخۇنۇم ئوغلى ئەمەت ئاخۇنۇمنىڭ قىلغان تەپسىرىسى.
1970 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تەپسىرى قىلغان.

خاتا سەھۋەن تولا يارەب كەچۈرگىن،
خاتاسىنى كۆرۈپ ئالىم ئۆچۈرگىن.
خاتاسى بولسا بولغاندۇر قەلەمدىن،
خۇدايا ساقلىغىل بىزنى ئوتلۇق ئەلەمدىن.


**ئاخىرەت ئىسلام تور بېتى**

**http://www.Ahiret.cn**

**ھىجرىيە 1427- يىل سەپەر ئېيىنىڭ 2- كۈنى كىرگۈزۈلدى.**



ISBN 7-80525-708-6

9 787805 254708

ISBN 7-80525-708-6

定价： 4 元